# يېڭى قاشتېشى

4

1982




ۋىلايىتىمىزدە
25-ئوكتەبىردىن 4-
نويابىرگىچە
ھېكايە، ئوبزور
چاتاق ئىجادىـ
يەت-سوھبەتيىـ
غىنى چاقىرىلـ
دى.

↑ يىغىن قاتناشچىـ
لىرى خاتىرە ئۈچۈن
سۈرەتكە چۈشتى.



✥✥✥✥✥✥✥✥✥

← پىشقەدەم ۋە ياش
ئاپتورلار ئۆز-ئارا
تەجرىبە ئالماشتۇردى.



← ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-
سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ھەر-
قايسى جەمئىيەتلىرىدىن يىغىنغا
تەكلىپ قىلىنغان يولداشلار ئاپتور
لارغا دوكلات بەردى ۋە تەجرىبە
تونۇشتۇردى.

# يېڭى قاشتېشى



(پەسىللىك ئەدەبىي ژورنال)

(تۆتىنچى يىل نەشرى)

خوتەن مەمۇرى مەھكىمە مەدەنىيەت-مائارىپ باشقارمىسى
«يېڭى قاشتېشى» تەھرىر ھەيئىتى تۈزدى

بەرگى قاشتېشى 1982 ـ يىل 4 ـ سان

(پەسىللىك ژورنال) (4 ـ يىل نەشرى، ئومۇمى 14 ـ سان)


# بوستاندا


| | | | |
|---|---|---|---|
| كوردۇم | (قەسىدە) | ياسىن خۇداۋەردى | 1 |
| ئاي قوشىقى | (داستان) | روزى سايىت | 3 |
| ئارزۇ | (شېئىر) | ئەركىن داۋۇت | 22 |
| ئەل قويىنىغا كىرگەن يىگىت | (ھېكايە) | ئابدۇقادىر سادىر | 23 |
| تەسىرات ئۇچقۇنلىرى | (شېئىر) | قادىر تۇردى | 29 |
| ئىككى شېئىر | ( " " ) | تۇرغۇن ئوبۇلقاسىم | 31 |
| ھەركۈنى بايرام | ( " " ) | ئابدۇللا ناسىر | 32 |
| سويما | ( " " ) | ئەسقەرجان مەمتىمىن | 32 |
| يۇرتۇمدا توي | ( " " ) | ئامىنە تۇردى | 33 |
| ۋەتەن ئىشقى | ( " " ) | مىجىت تاش | 33 |
| يەر ئىگىسى | (ھېكايە) | مەتقاسىم ئابدىراخمان | 34 |
| كورۇك | ( شېئىر ) | تۇرسۇننىياز ئابدۇللا | 42 |
| تاغلىق يېزىدىكى ئۆزگىرىش | ( " " ) | كۈرەشجان مۇسا | 43 |
| شېئىرلار ۋە پارچىلار | ( " " ) | مەتقۇربان ئىسمايىل | 43 |
| زاۋا ئىلھامى | ( " " ) | نەبىجان ماخمۇت | 44 |
| كۆز | ( " " ) | ئوبۇلقاسىم مەتنىياز | 44 |
| «تويكۆنىدىكى بۆدرە قىلىنغان چاچ» ھېكايىسىنى ئوقۇغاندىن كېيىن ... | (ئوبزور) | | 45 |
| پىروزا بىلەن يېزىلغان شېئىر | (نەسىر) | ئەمىن رەيھانى | 48 |
| جاپانى كىم تولا چەكسە، گوھەرنى شۇ ئالىدۇ تاشتىن ... | (ماقالا) | تەھرىر بولۇم | 53 |
| شېئىرلار | (شېئىر) | ئابدۇللا سۇلايمان | 56 |
| مىللىي ئىتتىپاقلىقنىڭ مول مېۋىسى | (زىيارەت خاتىرىسى) | ........ | 61 |
| گىلەم | (شېئىر) | مەمتىمىن ئەخەت | 68 |
| باھاردانىش ... | (كىلاسسىك ئەدەبىياتتىن) | ئابدۇقادىر مەھەممەت تەييارلىغان | 69 |
| شائىرنىڭ ھۆرمىتى ۋە شېئىرنىڭ ئەۋزەللىكى توغرىسىدا | | يۈسۈپ سەككاكى | 87 |
| يېرىلمىڭ تاشىم | (چۆچەك) | سىيىت زۇنۇن تەييارلىغان | 89 |
| يىللار سوغىسى | (شېئىر) | ياسىن ئىمىن | 95 |
| ئىككى غەزەل | ( " ) | مەتتوختى ئەخمەت | 96 |

# كوردۇم

(خوتەن ھەققىدە قەسىدە)

ياسىن خۇداۋەدى

«يېڭى قاشتېشى» ژورنىلى تەھرىربۆلۈمىگە:

يولداشلار، خوتەنگە بېرىپ، ئالغان تەسىراتلىرىمغا ئاساسەن «خوتەننى كوردۇم» ناملىق بىرقىسقا قەسىدە يازغان ئىدىم، ئۇنى خاتىرە بولۇپ قالسۇن ئۈچۈن سىلەرگە ئەۋەرتتىم...

كۆئىنلۈن باغرىدا كۆلگەن خوتەن دىيارىنى كوردۇم،
يۈرۈڭقاش ۋادىسىنىڭ ئەڭ يېڭى باھارىنى كوردۇم.

يىپەك يۇرتىنى كورمەككە ئۆزۈندىن بار ئىدى ئارمان،
كى ئاتمىش بەش يېشىمدا مەن ئۇنىڭ گۈلزارىنى كوردۇم.

ماڭا ئىلا-لىق قۇچاق ئاچتى قەدىمى ئىلچى گۈلزارى،
ئۇنىڭ قاشتېشى جامىدا كوكۆل ئىزھارىنى كوردۇم.

جىمى مىللەت بولۇپ ئوم-جەم، گۈزەل ئىقبالغا يول ئاپتۇ،
چېلىشتا، بەيگىدە ئۆزگەن ئۇچار تۇلپارىنى كوردۇم.

ئىلىم-پەن گۈللىگەن جاينىڭ بىرى بولغان قەدىم يۇرتتا،
ھۈنەر-سەنئەت گۈلىنىڭ ئەڭ ئېسىل رەڭدارىنى كوردۇم.

چىۋەر قىزلار توقاركەن دەستىگاھلاردا گىلەم-زىلچى،
جاھانغا سەنئىتى مەشھۇر گىلەم سەردارىنى كوردۇم.

ۋەتەننىڭ رىشتىنى چاتقان بۇكەڭ دۇنيا بىلەن مەشۇت،
نە مەشۇت، ئۇندا دوستلارنىڭ توتاش دىلتارىنى كوردۇم.

ئېلىمنىڭ ئىپتىخارىدۇر يىپەك - مەشۇت، گىلەم، قاشتاش،
بۇ يۇرتنىڭ ھوسنىدە كوركەم دەۋر رۇخسارىنى كوردۇم.

ھالال مېھنەت بېغىشلاپتۇ يۈرۈڭقاش بويىغا بەركەت،
دېڭىزدەك چايقىلىپ تۇرغان ئېتىز قاتارىنى كوردۇم.

سىياسەت يېزىغا بەرگەچ بەخت ۋە شۇنچەكەڭ ئىمكان،
دىخاننىڭ قەلبىدە شاتلىق، خوشال دىدارىنى كوردۇم.

ھايات قاينامى شاۋقۇنلۇق، كېزەر مەمۇرچىلىق يۇرتنى،
كاۋاپ، گوشگىردە، ئاشمانتۇ پەۋەس بازارىنى كوردۇم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



خىجىلدۇر گۈل- چىمەنلەرمۇ يېپىلغان رەڭمۇ-رەڭ مالدىن،
گويا شائىخەي بازارىنىڭ بۇيۇرتتا بارىنى كوردۇم.

شۇبۇ تۇت يىل ئىچىدە چوڭ بولۇپتۇ ئۆزگىرىش- ئۆرلەش،
ھوسۇلنى قاتلىغان كوپ دۇي ۋەئىش ئىلغارىنى كوردۇم.

ئېلىپتۇ بىرلا مەتتۇرسۇن① بۇيىل ياز يۇزتاغار بۇغداي،
قوتاندا نەچچە قوي-ئۆچكە، كالا-ئىرقارىنى② كوردۇم.

بۇزاق③ نىڭ ھوسنى گويا جەننەتۇل مەۋاغا ئوخشايدۇ،
بۇيەردە گۈل ۋە بۇلبۇلنىڭ ئەجەپ خۇمارىنى كوردۇم.

يېشىل بوستان مەھەللىدە كوتەرگەن قەد يېڭى ئۆيلەر،
قىلىپ سوھبەت باراڭلاردا دىخان ئەسرارىنى كوردۇم.

پىشىپتۇ مەي بولۇپ باغدا بېھى، ئەنجۈر بىلەن شاپتۇل،
شىرىن-شەرۋەتلىرى تامغان ئۈزۈم، ئانارىنى كوردۇم.

مۇھەببەت يولىدا پەرھات كېسىپتۇ تاغ رەۋايەتتە،
بۈگۈن ھەرسەپتە تاغكەسكەن كىرىش شۇڭقارىنى كوردۇم.

ھالال ئەمگەك بىلەن دىخان بېيىشقا بەلنى باغلاپتۇ،
ھوسۇلدىن تىكلىگەن ئۆلگە دەۋر ئىلغارىنى كوردۇم.

قىزىپتۇ يېزىدا مەشرەپ، خوشاللىق بەزمە، توي-سەيلە،
مۇقاملار مەرغۇلى ياڭراق، راۋاپ-دۇتارىنى كوردۇم.

ئىكەن بۇندا قېرى ۋەياش ئۇسۇل ھەم ناخشا ماھىرى،
چېچىدا نەغمىچى چىلنىڭ كومۇشتەك قارىنى كوردۇم.

گۈلىستان ئىچرە بۇلبۇلدەك قەلەمكەش يارۇ-دوستلارنىڭ
خەلقنىڭ بەختىنى قوشقان شېئىر-ئەشئارىنى كوردۇم.

جىمى سەپتە راسا ئىشلەپ قۇرۇلتاينى④ كۈتۈپ ئاپتۇ،
شۇغەيرەتتىن زەپەرلىك ئەتىنىڭ رۇخسارىنى كوردۇم.

1982-يىلى 8-ئاي، خوتەن-ئۈرۈمچى


---

①مەتتۇرسۇن-خوتەن ناھىيە لايقا كوممۇنىسى ئەزاسى

②ئىرقارا-چوڭ چارۋا

⑧بۇزاق-جاي نامى

④قۇرۇلتاي-جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 12-قۇرۇلتىيى.



# ئاي قوشى



(داستان)

روزى سايىت

## مۇقەددىمەسى



كىچىك دوستلىرىم-ئوماق گۆدەكلەر،
ئىقبالى يورۇق، بەختى گۈلدەكلەر.
بۈگۈننىڭ يۇمران مايسا،غۇنچىسى،
ئەتىنىڭ ۋارىسلىرى - ئىگىسى.
كەلگۈسىدىكى ئالىم، ئۇچقۇچى،
ئارزۇ-ئۈمىتنى رىيال قىلغۇچى؛
سىلەرگە ئاتاپ، سىلەرنى كوزلەپ،
توقۇدۇم قوشاق(ھىكايە سوزلەپ.)
مۇشۇ ھىكايەم قىزىق تۇيۇلسا،
ھەۋەسىڭىن دىلغا نەقىش ئويۇلسا؛
مەندەك بولغاندا يېشىڭلار ئوسۇپ،
مارىسقا چىقساڭلار بۇلۇتنى بوسۇپ.



يازغان قوشىقىم راستقا ئايلانسا،
سىلەر ئارقىلىق مۇرادىم قانسا!...
ئۇمىدىم ئەشۇ، باشقىچە ئەمەس،
تىڭشاڭ گېپىمنى قويۇپ زەڭ-ھەۋەس.

x x

كوردۇم كېچىدىن ئەجەپ ياخشى چۈش،
چۈشۈمدە مىنىپ يۈرگىدەكمەن «قۇش».
قۇشۇمنىڭ ئىسمى-«ئالەم كېمىسى»
ئاستىمدا ئىمىش بۇلۇت دوۋىسى،

ھايت-ھۇيت دېگىچە بېسىپ مىڭلى يول،
قونۇپتىمەن ئاي قەسىرىگە ئۇدۇل.
قەسىر ئىشىكى ھەم ئېتىك ئىمىش،
تاملىرى شۇنچە ئېگىز، تىك ئىمىش.
ئىشىكتە قۇلۇپ، چوڭلىغى ئۆيدەك،
يولۇم توسارمىش بىر ساقچى دۆۋىدەك.
تۇرارمىش كوزى سۇرلۇك پاقىراپ،
قىلارمىش ھەيۋە بىر سەت ۋاقىراپ:
— بۇ قەسىر — ھەپسە، مەھبۇسلار ئۆيى،
ئەمەس دەڭ-ئوتەڭ، يولاۋچى جايى.
كوزۇمدىن يوقال! بولمىسا، ھېلى...
شۇنداق دەپ ماڭا قاينارمىش خېلى.
شۇ چاغ توساتتىن كېلىپ بىر ئاۋاز،
دەيمىش: «ئەيكىشى، بىزلەرنى قۇتقاز.
ناھاق سولاندۇق قەسىر-ھەپسىگە،
تاشلاپ كەتمىگىن زالىم نەپسىگە!...»
بۇ سوزنى ئاڭلاپ، باقام قەسىرگە،
كوزۇم چۈشكىدەك بىر توپ ئەسىرگە.
كورۇپ ئۇلارنى بوپتىمەن ھەمداش،
شۇئان كوزۇمدىن توكۇلۇپتۇ ياش.
قولۇمغا ئېلىپ ئوقيا، نىچاقنى،
قېنىمدىن سۇغۇرۇپ خەنجەر پىچاقنى؛
ئېتىلغۇدەكمەن گۇندىپاي تامان،
ئولتۇرگىدەكمەن ئۇنى شۇ ھامان.
قەسىر ئىشىكىنى پەشۋادا ئېچىپ،
كىرسەم ئىچىگە شامالدەك ئۇچۇپ،
ئالدىمغا كۇلۇپ چىقارمىش قىزلار.
(بارمىش تېنىدە قامچىدىن ئىزلار.)
تېپىلىق-ئامانلىق سوراشقۇدەكمىز،
يېقىن تۇققاندەك قاراشقۇدەكمىز.
ھەپسە-سولاقتىن ئازات بولغانلار،
كوڭلى-كوكسىگە شاتلىق تولغانلار؛
مېنى ئالقىشلاپ كۇلۇپ كەتكۇدەك،
لېۋىم، مەڭزىمگە سويۇپ كەتكۇدەك.
شۇچاغ ھەممىمىز تۇزۇپ شات بەزمە،
ئولتۇرساق، بىرسى توقۇيمىش نەزمە.
نەزمىنى ئاڭلاپ قىزىقۇدەكمەن،
يادلاي دېسەم، كوپ ئېزىققۇدەكمەن.
شۇڭا قەلەمنى ئېلىپ يېنىمدىن،
بېرىلىپ پۇتكۇل جېنىم-تېنىمدىن؛
ئاڭلىغىنىمنى يېزىۋاپتىمەن،
ئۇنى مىسراغا تىزىۋاپتىمەن....

# 1-باپ

## ئاسمان تەزكىرسى

...زامان ئەۋۋېلى-قېدىمقى چاغدا،
ھازىرقى ئاسمان (بۇرۇنقى باغدا).
ئاسمان پۇخراسى ياشىغان ئىدى،
باغ، ئېتىز، ئوي-جاي ياسىغان ئىدى.
ئىدى بىر قانال شۇ «سامان يولى»،
ئاقاتتى سۇيى ئۇزۇلمەي غولى.
قانال يوللىرى ئىدى تېرىم يەر،
ئۇنەتتى ئۇندا جاۋاھىر، مەرمەر.
ھەسەن-ھۇسەندىن قانال كوبرۇكى،
كوچمەس بۇلۇتتىن ئىدى تۇبرۇكى.
ھەر يۇلتۇز بىر يۇرت، ھەر يۇرت بىرخانلىق
ئۇز ئارا يۇقتى نىزاھ، يامانلىق.
يوق ئىدى چېگرا، يوق ئىدى پاسىل،
تۇرمۇش ئوتەتتى ئاجايىپ ئېسىل.

x x

قايسى بىر كۇنى خانلار بولۇپ جەم،
مەسلىھەت تۇزدى ئولتۇرۇپ دەرقەم.
قانال سۇيىنى كوپەيتمەك ئۇچۇن،
كوكنى يەنىمۇ كوكەرتمەك ئۇچۇن:
«ئاسمان تىغى»نى كەسمەكچى بولدى،
پىنھان دەريا»نى تەشمەكچى بولدى.

مەسلىھەتكە ئەل قېتىلدى شۇئان،
«ئاسمان تېغى»غا ئېتىلدى شۇئان.
باشلىۋەتتى ئىش قېرى-ھەم ياشلار،
ئۇچتى ۋىڭىلداپ مىتورت تاشلار.
ئوتلار چاقنىدى تاش-تاشقا تېگىپ،
تەسلىم بولدى تاغ بېلىنى ئىگىپ،
«پىنھان دەريا»نىڭ تېپىلدى ئىزى،
بۇلدۇقلاتتى سۇ تەشىنىڭ كوزى.
كۆكنى بىر ئالدى شاتلىق ساداسى،
ياڭرىدى شۇ ئان غەلىبە ناۋاسى.
شۇ چاغ تۇساتتىن چاقماق چېقىلدى،
تەشمە كوزدىگە تاشلار يېقىلدى.
چىقتى بىر مەخلۇق تەشكەن ئېغىزدىن،
قولى ئاردەك، چىشى بىگىزدىن.
بېشى خاپاندەك، ئاغزى يالاقتەك،
كوزى ئوردەك، بۇيى راۋاقتەك.
ئەزايى يۇڭلۇق، ئەلپازى يامان،
ئىدى ئۇ شۇ تاپ بەئەينى قاۋان.
دېدى ئۇ قايناپ: «ھەي قاپ يۈرەكلەر،
قىلمىشىڭغا ماس جازا كېرەكلەر!
مەندىن بىي سوراق كېلىشىپ يۈچۈن،
ئېيتىقىن، تېغىمنى كېسىشتىڭ نىچۈن؟
تەشتىڭ نىمىشقا ئەرش كولىنى،
تەۋرەتتىڭ يەنە تەختىم ھۇلىنى.
بۇيرۇلمىغانغا ئۇزۇتامتىڭ قول،
بۇ ئىش تەگرىگە كېلەمدۇ ماقۇل؟
كەلدىم سەنلەرگە غەزەپ ئەتكىلى،
قايتىش بولمىسا، كورسەن ھېلى!...
ئاسمان پۇخراسى كونىمدى بۇڭا،
ئىككى ئارىدا جەڭ بولدى شۇڭا.
مەخلۇق ھىلىگەر ئەپكەلدى ئەسكەر،
ئەسكىرى چاچتى ئەتراپقا زەھەر.
بۇلغاندى شۇ چاغ ئاسمان ھاۋاسى،
(ھاۋا يوقلىغى شۇنىڭ گۇۋاسى.)
مەخلۇق بىر ياندىن ئاغزىنى ئاچتى،
مەلە-مەلىگە تىنىماي ئوت چاچتى.
كويدى ئوي-ماكان، كويدى باغ-ئېتىز،
كويدى شۇ جەڭدە كۆرمىڭ ئوغۇل-قىز.
بۇلغانغاچ ھاۋا، ئالالماي نەپەس،
بولغاندا ئاسمان تىنجىق بىر قەپەز؛
مەخلۇق بىي رەھىم چۈشۈرۈپ پەرمان،
ئەركەك زاتىنى قويمىدى ئامان.
خوتۇن-قىزلارنى قىلدى قول، ئەسىر،
مەزلۇملار يەشى قىلمىدى تەسىر.
سېلىپ ئۇلارنى ئازاپقا-دەرتكە،
مۇپتىلا قىلدى ئېغىر مېھنەتكە.
ئايلاندۇرۇپ ئۇ سۇلارنى پارغا،
بەكىندى ئوزى ئۇۋۇسى غارغا.
شۇ «سامان يولى»-قانال قۇرۇدى،
ئاسماننى قۇم، تاش-شېغىل ئوردى.
شۇنىڭدىن بېرى ھاۋا يوق، سۇيوق،
ھاياتقا نىمە كېرەكلىك-شۇ يوق؛
سوغۇق ماكانغا ئايلاندى بۇ جاي،
بۇ ئىشقا شاھىت پەقەت بىرلا ئاي...

## 2-باپ

## ئايقىزنىڭ قىسسىسى

نەزمىچى شۇنداق دەرت-پىغان تۆكتى.
مەخلۇقنى سۆكتى، سۆكۈتكە چۆكتى،
تامام بولغاندا تەزكىرە، غەزەل،
باشلىدى قىسسە يەنە بىر گۈزەل:
«-قىسسەم شاھىدى ئاۋۇ قىز ئەنە...
دېدى ئۇ گۈزەل مۆڭلۈنۈپ يەنە،
ئاي، ياكى ئايقىز ئۇنىڭكى ئىسمى،
ھىجران ئوقىدا مىڭ پارە جىسمى...»

قارىسام ئايقىز كورۇندى غەمكىن،
(ۋۇجۇدىدا كۈچ ئۈرگۈيەتتى لېكىن!)
يۈزى گوياكى ئالمىدەك سۈزۈك،
بويى سىياقى كىلىشكەن، تۈزۈك.
بېقىشى شۇنچە ئوماقلىق ئىدى،
مەڭزىدە جۈپ خال، زىناقلىق ئىدى.
جىنەستە لەۋلىك، شەھلا كوز ئىدى،
كۈلگۈنچەك، زىبا، شىرىن سوز ئىدى.
كىرپىكى بوستان، قاشلىرى كامان،
ئىدى ئۈنچە چىش، سۈمبۈل چاچجانان...
نەزمىكەش بۇدەم سوزلەيتتى قىسسە،
ئايقىزغا ئاتاپ كويلەيتتى قىسسە:
—... بىزنىڭ بۇ ئايقىز- ئاسمان گۈزىلى،
چېھرىدەك نۇرلۇق يۈرىگى- دىلى.
يايسا ئۇ ئەگەر سۈمبۈل چېچىنى،
قاپلايتتى زۇلمەت ئاسمان ئىچىنى.
ئايقىز مۇشۇنداق خىسلەتلىك ئىدى،
ئېقىللىق، كەمتەر، ھىممەتلىك ئىدى،
ئۈنىڭدەك زىرەك، ئۈنىڭدەك گۈزەل،
بولمىغان، بولماس ئەزەلدىن-ئەزەل.
ئاسمان پۇخراسى تاغنى كەسكەندە،
«پىنھان دەريا»دىن تەشمە تەشكەندە،
ئايقىز-ئاي پەرى ئۇيقىدىن بىدار،
تەشمە قازغانتى بولۇپ پىداكار.
ئەشۇ جەڭگۈنى ئايقىز قەھرىمان،
ياۋغا غەزەپتىن ئوق ئۈزدى چەندان.
قەھرىلىك پۇخرا ھېرىپ ئاچقاندا،
پۇت قوللىرىدىن ماغدۇر قاچقاندا؛
چۈۋۈدى دەرھال سۈمبۈل چېچىنى،
كورەلمىدى ياۋ جەڭگاھ ئىچىنى.
شۇ پەيتتە پۇخرا مادار توپلىدى،
قورال تەقلىدى، قوساق توقلىدى.
سۈمبۈل چېچىنى يىققاندا ئۇ تېز،
يۈرىدى ئەتىراپ، جەڭ باشلىدۇق بىز.
تالاي لەشكەرنىڭ بېشىنى چاپتۇق،
يۈرەكلىرىگە ئوتتا مىخ قاقتۇق!
ئەپسۇسكى مەخلۇق تۇتۇن، ئوت چېچىپ،
ئوقىغاچ «ئەپسۇن» ئاغزىنى ئېچىپ؛
سېسىق بۇس، تۇتۇن بوغدى دىماقنى،
كەتكۈزدى ھۇشتىن ئايقىز ئوماقنى.
مەخلۇق لەشكىرى پۇرسەتنى تۇتۇپ،
جىنسى ئەركەكنى ئولتۇردى بوغۇپ.
خوتۇن- قىزلارنى باغلاپ بېغىشتىن،
تەلۋە غالچىلار ياندى سوقۇشتىن.
سالغۇزدى مەخلۇق ئاسمانغا قەسىر،
ئايقىزمۇ بىزدەك بوپقالدى ئەسىر...

## 3-باپ

## سەيلى رىۋايىتى.

ئايقىز قىسسىسى سوزلىنىپ شۇنداق،
گەپنىڭ ئاخىرى يوتكەلدى مۇنداق:
...ئايقىز قامىلىپ قەسىر- زىندانغا،
چۈشىمدى يۈرۈق كوككە- ئاسمانغا.
بۇھالدىن مەخلۇق بولۇپ سەۋدايى،
ئاسماندىن ئۈنىڭ قايتىپ دىل رايى؛
لەشكەرنى يوتكەپ، بولدى قايتماقچى،
ئەمما، قەسىردە قالدۇردى ساقچى.
دېدى ساقچىغا: «بۇلار قاچمىسۇن،
ئىشىكنى، روجەكنى ھېچكىم ئاچمىسۇن!
مەھبۇسنى ساقلا ئوتكۈزۈپ بېرەي،
ماكانىمدىن يۈك يەتكۈزۈپ بېرەي.
يەتكۈزۈپ بېرەي يەنە نان، سۇنى،
ئولمىگىدەك بەر بۇلارغا شۇنى.
ئاسمان ھىساۋى-يىلىنىڭ ئاخىرى،
تاپشۇرسۇن مىڭ تال چەكمەن ھەربىرى.
ۋەزىپىنى كىم قىلمىسا ئادا،
بەرمىگىن نان، سۇ، دۇمبالا راسا...

كەتتى ئۇ مەخلۇق كەينى تاماملاپ،
«خوش...» دېدى ساقچى بۆيرۇقنى ئاڭلاپ.

x x

ئۆتتى نۇرغۇن چاغ، ئۆتتى تالاي يىل،
ئەركىكە تەشنا ئۆتتى مەزلۇم دىل.
«ئاسمان قانچىلىك، (كەڭرىمۇ، تارمۇ)
ئۇندا ھاياتلىق يوقمۇ، يا بارمۇ؟
ئۆسەمدۇ كوكتات، بۇغداي ۋە قوناق،
ئاسمان ئادىمى بولامدۇ قانداق؟
ئۆيى، باغچىسى، كۆلى، چېچەكلىرى،
ئورپى- ئادىتى، كىيىم كېچەكلىرى:
يۈرۈش-تۇرۇشى، تۇرمۇش ئەھۋالى،
قىسقىسى، بارلىق نامۇ- ئەھۋالى:
بولۇپ تېپىشماق «باشقا ئالەم»گە،
ھەم زېمىندىكى پۈتكۈل ئادەمگە:
كۆزىتىمكتى بىزگە (ئاسمان تەرەپكە.)
بولمىغاچ ئىمكان چىقىش پەلەككە.
بىزمۇ قەسىردىن بېقىپ تۇۋەنگە،
يول قويار ئىدۇق خاتا- سەھۋەنگە.
دەيتتۇق «تۇۋەندە يوق بەلكىم دېيار؟..»
(كورۇنگەچ زېمىن بولۇپ كىچىك شار.)
بىركۈنى ئايقىز دېدى: ھەدىلەر،
مەھكۇملۇق بىلەن ئۆتمەكتە كۈنلەر.
سۇلاندۇق كوپتىن زىندان-قەسىرگە،
ئۇلاشتى يىللار قەرنە (1)، ئەسىرگە.
ھېلىمۇ ياخشى بولماي بىيىپەرۋا،
يىغىشۇالغاچقا كىسلاروت-ھاۋا،
ئاشۇ ھاۋادىن ئېلىپ بىز نەپەس،
ياشاپ كەلگەنتۇق قىينالماي ھوددەس. (2)
پات-يېقىندا ئۇ توگۈسە ئەگەر،
بولىمىز ھالاك، خەتەر- بەك خەتەر!
كەلسەڭلار ماقۇل چىقاي تالاغا.
ئەجەپمەس چارە تاپسام ھاۋاغا؟...»
بۇچاغ ئىدى دەل يىلىنىڭ ئاخىرى.

يوق ئىدى ئىشىكتە گۈندىپاي قىرى.
كەتكەن ئىدى ئۇ چەكمەننى يۈدۈپ،
كىلەتتى يەنەساق ھەپتە ئوتتۇپ.
دېيىشتۇق: «ئايقىز، چىقالىك چىقىپكەل،
بىزگەساپ ھاۋا ئىزدە، ئېلىپكەل!»
ئايقىزغا ئاق يول تىلىدى قىزلار،
ئۇنىڭ پۈتىدىن يولىدى قىزلار.
مىڭ تەسلىكتە ئۆچىقىپروجەكتىن،
سىرتقا سەكرىدى تامدىن-بۇرجەكتىن.
تۇردىسە پەسلىپ ئەتراپقا بىر پەس،
دىلى مۇجۇلۇپ بولۇپ بەك ھەس-ھەس.
كورمىگەچ ئىزنا گۈلزاردىن، باغدىن،
كوزىنى ئۈزمەي كۆيۈك چول، تاغدىن.
«خەپ!...»دېدى ئايقىز، «ئېسىت...»دېدى
ئايقىز.

غەزەپ ئىچىدە چامدىدى تېز-تېز...
ئاڭلىساق كېيىن ئۆزىنىڭ ئوزىدىن،
ھالقىپ ئوتۇپتۇ ئاسمان تۈزىدىن.
تېپىپتۇ مەخپى «ئابى بۇلاق»نى،
بۇلاق يۈيۈپتۇ ئايقىز ئوماقنى.
خىسلەتلىك بۇلاق كارامەت قىلىپ،
ئۆچقىلى قانات-دارامەت بېرىپ:
بەستىدە قۇۋۋەت-يېنىكلىك سېزىپ،
كىسلاروت ئىزدەپ ئەتراپنى كېزىپ.
يۈرگەن ۋاقتىدا ئەڭچەت دالىدا،
زېمىن نامايەن بوپتۇ ئالدىدا.
ئايقىز زېمىنگە تويماي قاراپتۇ،
بۇلۇتنى قايرىپ پەسنى ماراپتۇ.
كورۇپ تۇۋەندە چوپان ئوغۇلنى،
نەچوپان، گۈياكى يىچى بۇلبۇلنى:
كوزىنى ئۈزمەي نەزەر سېلىپتۇ،
چالغان نېيىدىن ھۇزۇر ئېلىپتۇ.
چىقىپتۇ دەرھال دالدا-پىنھاندىن،
ئۇچۇپتۇ پەسكە ئىگىز ئاسماندىن...

---

(1) قەرنە- بىر ئەسىرنىڭ ئۈچتىن بىر بولىكى

(2) ھوددەس-مۇتلەق، پەقەت،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# 4-باپ

## تەكلىك ماكان ئەپسانىسى

ئاسمان ھەققىدە، ئايقىز ھەققىدە،
سوزلەندى شۇنداق تەزكىرە، قىسسە.
«ئۇھ...» دىدى گۈزەل (قىسسە ئېيتقۇچى)
جىملىققا چوكتى قەسىرنىڭ ئىچى.
مەيلىمنى تارتقاچ نەزمىلىك بايان،
دىدىم: «ھەممىنى قىلسا ئىكلار ئايان.
قانداقچە بولدى قىزنىڭ تەقدىرى،
قانداق تۈگىدى ئىشنىڭ ئاخىرى؟...
—نەزمەمنى باشلاي ئەپسانە بىلەن،
بۇنى ئايقىزدىن ئاڭلىغانىدىم مەن.
دىدى ئۇ گۈزەل رايىمغا بېقىپ:
«...ئايقىز بۇلۇتلۇق پىنھاندىن چىقىپ،
ئۇچتى توختىماي زىمىنگە-پەسكە،
(قاناتلىق ئۇچقۇش چۈشىدى تەسكە.)
قونغىنىدا ئۇ بارخان ئۈستىگە،
چوپان قاراپلا قىزنىڭ ھۆسنىگە.
كەلدى قېشىغا سوراپ ئامانلىق،
دىدى: «يۇرتىڭىز نەدىكى خانلىق؟
بۇندا كېلىشتە نىمە مۇددىئا،
مېھمىنىم بولۇڭ كورسىڭىز راۋا.
بۇيەر—چول، يوق باغ، يوق گۈل پۈردىغى،
يوق ھەم ئىنىسى—جىن، ئادەم ئۇردىغى.
بەرىنى قىلدى ئەژدەرھا ۋەيران،
شۇنداق يەرگە سىز؟.... بولدۇم بەك ھەيـ
ران؟...»
ئايقىز گەپ قىلماي چوپان ئوغۇلغا،
ئىنچىلاپ باقتى ئوڭ، سول، ئۇدۇلغا.
ئەتراپ چەكسىز قۇم، توغراق، قۇمۇشلۇق،
يۇلغۇنلار پاخپاق، تىكەنلەر ئۇشلۇق.
كەپەئالدىغا قېزىلغان قۇدۇق،
بۇنىڭدىن باشقا، راست، ھېچنىمە يوق...

سوزلەندى كەچمىش، «يات»لار ئوزبولدى،
پاراڭلار قىزىپ تالاي سوزبولدى.
گۈلخان يېقىلدى توغراق، بەقەمدە،[1]
ئولتۇردى ئۇلار بىللە-دەرقەمدە.[2]
كۈلۈشتى ئۇلار، كورۇشتى ئۇلار،
ۋىسال پەيزىنى سۇرۇشتى ئۇلار.
پاخلان گوشىدىن كاۋاپ يېيىشتى،
دەردۇ-ھالىنى بىللە دېيىشتى.
چوپان نېيىنى چالدى مۇقامغا،
ئايقىز ئۇسۇلى ئۇلاشتى تاڭغا.
شۇنداق كۆڭلىدىن تۈت بەشى ئوتتى،
سويگۇ داستانى ئوقۇلۇپ پۈتتى.
چوپاننىڭ خۇيى، ئايقىزنىڭ پەيلى،
چىقىپ بىر يەردىن چۈشتى دىل-مەيلى.

★

بىر كۈن، ئولتۇرۇپ ئۇلار يانمۇ-يان،
باشتىن ئوتكەننى ئەيلەشتى بايان.
ئەۋۋەلەن ئايقىز ئېيتتى ھىكايەت،
مەخلۇق زورىدىن قىلدى شىكايەت.
سوزلىدى چوپان ئايقىزدىن كېيىن،
دىدى: «ئەسلەشنىڭ ئوزىمۇ قىيىن.
گۈلۈستان ئىدى بۇقۇملۇق ئەسلى،
ياشايتتى بۇندا باغۋەنلەر نەسلى.
ئىسمى بۇجاينىڭ «تەكماكان» ئىدى،
دىمەك، تەمى بال ئۈزۈمكان ئىدى.
شۇڭا بۇيەرنىڭ «تەكلىك ماكان» دەپ
داڭقى تارالغان تەرەپمۇ-تەرەپ.
بۇ تەكلىك ماكان—گۈزەل جاي ئىدى،
يايلاقلىرى لىق قوزا، تاي...ئىدى.
قۇشلار قەپەزسىز، گۈللەر تىكەنسىز،
بېغى چېتەنسىز، پىخراسى غەمسىز؛

(1) بەقەم— يۇلغۇننىڭ قۇم ئاستىدىن كولاپ ئېلىنغان يىلتىزى. (2) دەرقەم— بىللە، ئۇدۇلمۇ-ئۇدۇل.

ئەل- يۇرت كېرەملمك ،①سوداەرەملمك ،②
ئوتەيتتى كۆنلەر ئاجا يىپ تەملمك.
ئەرلەر ئاساتتى ئوقيا هەم خەنجەر ،
قىزلار باغلايتتى هەممە تتمن كەمەر .
خەق: « بۇ يۇرتلۇقلار ئۇ يۇشقاق» دە يتتى .
« هەم-قەم ، بىر گەۋدە ، قۇيۇشقاق» دە يتتى .
داڭقىمىز رۇمغا ئاڭلانغان ئىدى ،
يىپەك ، شا يىمىز داڭلانغان ئىدى .
گىلەم-زىلچى هەم قوۋزاق قەغەزنى ،
قاشتېشى ئەسۋاپ ،ئەڭلمك- پەردازنى ؛
ئەجەم ،ئەرەپكە ئېلىپ كېتەتتى ،
ھەققىگە ئالتۇن بېرىپ كېتەتتى .
يۇرتىمىڭ دەريا سى سۇغا لىق- پەۋەس ،
ئاقاتتى قىش- يازئۇزۇلمەي هوددەس③
دەريا قو يىندا بار ئىدى قاشتاش ،
ئۇزۇملمك ئىدى ئىككى قاسنا ق-قاش .
ئۈزۈمزار ئىدى پايانسىز ئېتىز ،
قوغۇن ،شا پتۇلى قورۇيتتى ئېغىز .
خىسلەتلىك ئىدى بۇندىكى تۇپراق ،
سانچىلسا ياغاچ ئايرىيتتى ياپراق ...
بولغاندەك نۇرغا زۇلمەت كۆشەندە ،
ۋە يا ئۇنىگەندەك تىكەن گۈلشەندە .
گويا قونغاندەك هەسەلگە چىۋىن ،
يات ئەل كوزىگە چۈشتى بۇزىمىن .
تالايقە بىلە ،تالاي ئايماقلار ،
تەييارغا شېيىخ- كوڭلى مايماقلار ؛
بۇندا باستۇرۇپ كېلىپ مۇ بېقىپ ،
تومشۇغىغا يەپ-قانلىرى ئېقىپ ،
يامان غەرەزى بېشىغا چىقىپ ،
قايتمىشقان ئىدى كەشنى قېقىپ ...
بىر يىللى بىزنى باستى چوڭ غەپلەت ،
يات ئىقلىم شاھى مەلئۇن بەدنىيەت :
ياساپ جادىنى سودىگەر سىياق ،
خىيچىر ھەيدىتىپ تۇتقۇزۇپ تاياق ،
-ماڭ -دەپتۇ -بارغىن تەكلىك ماكانغا ،
« دوستلۇق سالامى » ئېيت ئۇخاقانغا .
مېنىڭدىن سالام ،سىنىڭدىن تاقەت ،
بىخۇت بولغاندا ياش خان هاماقەت ،
ھىلە ئىشلىتىپ بېشىنى كەسكىن ،
كوڭلىمىز تاپسۇن ئارامىق ، تەسكىن .
پۇرسەتنى تېپىپ يۇرتنى ئالىلا ،
قورۇل-قورغاننى كوزەت ،مارىلا ،
ئەسكىرى قانچە ، قورالى قانداق ،
يۇرتنى ئېلىشنىڭ ئامالى قانداق ؟
شۇلارغا زەڭ قوي ،تولۇق بىلىپ كەل ،
خەرىتىسىنى سىزىپ ئېلىپ كەل .
پەيتنى ئۇدۇللاپ هۇجۇم ياسايلى ،
شۇمەمۇر ئەلدە بىزلا ياشايلى !...
سودىگەر سىياق (ھىلىگەر قولاق ④)
ئېلىپ پەرماننى يول مېڭىپ ئۇزاق ؛
تەكلىك ماكانغا چۈشۈپ ، شۇكۈنى-
سارا يغا جايلاپ مۈلكى- يۈكىنى ،
كەلدى ئوردىغا - خاقان قېشىغا ،
سوغاتلىرىنى تىزىپ بېشىغا .
كۆچۈكلاندى ئۇ نومۇسنى تاشلاپ ،
« شاھىمدىن تارتۇق ...» دىدى شاپاشلاپ .
ئۇنىڭ تارتۇغى- ئات بېشى ئالتۇن ،
بار ئىدى يەنە چىرايلىق خوتۇن ...
تەكلىك ماكاننىڭ ئەسلى خاقانى ،
ئەنگەنتى قازا ، باقمىقاچ پانى .
گۆدەك ، ياش خاقان غەمسىزراق ئىدى ،
ئىش كورمىگەچكە پەمسىزراق ئىدى .
، شۇڭا ، ھىلىقى سوغاققا قاراپ ،
ئەسىرە خوتۇن تېخىمۇ ياراپ ،
كۆلدى خوش بولۇپ تىزىغا مۇشتلاپ ،
سودىگەرگە هەم تون ياپتى قوشلاپ .
بەردى ئۇنىڭغا كاتتا ئىمتىياز ،
دىدى : « سوداڭ ئەن بولسۇن ، قانات ياز ...»

①كېرەملمك-كەڭ-وساق . ②دەرەملمك-(دەرەم)-قېدىمدا ئىشلىتىلگەن يارماق ،داچەن پۇل.

③هوددەس-زادى ،مۇتلەق . ④قولاق-تىڭلىغۇچى ،قولاقچى ، ئايغاقچى دىگەن مەنىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



x x

سودىگەر سىياق ئىلتىپات تېپىپ،
خان بەرگەن تونىنى ئۈشىنىگە يېپىپ.
ئوردىنى ئەركىن ئارىلاپ يۈردى،
قورۇل-قورغاننى مارىلاپ يۈردى.
شاھانە مەشرەپ قىزىغان چاغدا،
پەيدا بولاتتى ئۇ ھەرەمباغدا.
چىقسا ئەگەر خان سەيلىگە، ئوۋغا،
ئۇمۇ باراتتى مىنىپ ئات يورغا.
خىيالى ئىدى ئەپلىك پەيت تېپىش،
خاقان ئېشىغا ئۇغىلار سېپىش.
بىراق ئۇنىڭغا تاپالمايتتى ئەپ،
ساقچىلار ھوشيار يۈرگەچ تۈزۈپ سەپ.
شۇنداقتىمۇ ئۇ يانماي پەيلىدىن،
يۈردى كوپ زامان شۇ ئىش كەينىدىن.
ۋۇجۇتقا چىقماي ھىيلىلىك ئىشى،
قېتىپ بېشىنىڭ ئىچى ھەم تېشى.
ئاخىر شاھىغا نامە يوللىدى،
دېدى: «ئەي شاھا ئاق يول بولمىدى.
ئېۋەرتكەنتىڭىز تەكلىماكانغا،
چامام يەتكەنچە قەست قىلدىم خانغا.
ئىشقا ئاشمىدى ھىيلە ۋە مەكرىم،
جاسۇسلىقىمدىن كەلمىدى كىرىم.
ئاساندۇر بەلكىم كوكنى كومتۈرۈش،
بىراق ئاندىن تەس خاننى ئۆلتۈرۈش.
چۈنكى خاقاننىڭ ئەسكىرى زىرەك،
پۇخراسى تۈيغۇن، غەۋغا بىكەرەك.
جىمى قەۋم، تاشنى سانا شۇ مۆمكىن،
سانىق يېتىشمەس ئەسكەرگە لېكىن.
چۈنكى يۇرت ئەھلى ئاجايىپ باتۇر،
قورالىغا ماھىر، ئوقنى دەل ئاتۇر.
خاقان «ھايىت!» دېسە بەرى بولۇرجەم،
(ئەرلەرغۇ شۇنداق، ئاياللارمۇ ھەم!)
خەرىتىمىنى سىزا يىمۇ دىدىم،
شۇ ئىش ۋەجىدىن جازامنى يىدىم؛
بىراق قورۇلغا، ئەڭچەت قورغانغا،
بېرىپ، بىرتولدىن «ئەھۋال» سورغانغا؛

تاس-تاماس قالدى بېشىم كەتكىلى،
دېمەك، بەك مەھكەم چېگرا ئۆتكىلى.
چەك قىلالاق بىزگە مەغلۇپلۇق يېتەر،
دىيارىمىزغا يۈزلىنەر خەتەر.
پەقەت بىرچارە-ئەپسۇن ئىشلىتىش،
دەريانى بوغۇپ سۈيىنى ئىچىش!
بىلمەمسىز شاھىم مەن بىر جادىگەر،
كېلەر قولۇمدىن ھىيلىلىك ھونەر.
ئەجدىھا بولۇپ دەريانى ئەتسەم،
(يۇرتنى قۇرۇتۇپ مۇراتقا يەتسەم.)
تەكلىماكاننى باسالا تەشنالىق،
كەتسە ماغدۇردىن بۇندىكى خەلق.
شۇچاغ لەشكەرلەر كەلسە باستۇرۇپ،
ياشاشقا بولار سەلتەنەت قۇرۇپ.
پەقەت شۇ ئۇسۇل بەرگۈسى مۇرات،
ئىلتىجاھىمغا ئۇچۇر بولسا پات؟!...»
خەت يازدى جادۇ، ئاچكۆز شاھىغا،
شاھمۇ ئۇنىڭكى كوندى رايىغا.
«بىلگىنىڭنى قىل كەتكۈزمە پۇرسەت،
سېنىڭدىن ھەركەت، مېنىڭدىن رۇخسەت!...»
كەلگەچ بۇ ئۇچۇر جادۇ قېشىغا،
چىقتى ئۇ دەرھال دەريا بېشىغا.

x x

«...ئىزىدىن چىقتى دەريا ئېقىمى،
بىرچوڭ ئەجدىھا توسقاچقا سۇنى...»
شۇ گەپ تارقالدى يۇرتقا بىردەمدە،
ئەھلى جامائەت قالدى چوڭ غەمدە.
توپلىنىپ ئەرلەر دەريا قېشىغا،
يول سالدى دەرھال سۇنىڭ بېشىغا.
ئۇزاق يول مېڭىپ راسا ھارغاندا،
دەريا بېشىغا يېتىپ بارغاندا؛
كورۇندى ھەيۋەت، ئاجايىپ نەرسە،
ئوت چىقاتتى ئۇ ئاغزىنى كەرسە.
پۈركۈيتتى ئوتنى سۇچىقار غارغا،
ئايلىناتتى سۇ شۇ ئوتتا پارغا.
بۇھالنى كورۇپ ئەجەپلەندى ئەل،
غەزەپلەندى بەك، ئۆتمىدى مەھەل؛

سەپنى راست قىلدى مۇشتۇمنى تۈگۈپ،
جەڭگە راسلاندى بەلنى چىڭ چىگىپ.
دېدى: «ئەي مەخلۇق سىرلىق بايانەت!
مۇددىتىڭ نىمە، سۆنى قۇيىۋەت؟!
ئېيتقىن نىمىشقا ئوتلار چاچىسەن،
دەريانى سۆنى توسۇپ ياتىسەن؟
كېلىشىڭ نەدىن، قىلىمىشىڭ نىچۈن؟
بۇنچە قاپ يۈرەك بولدۇڭ نە ئۈچۈن؟...»
ئوت چاچقان مەخلۇق بۇگەپنى ئاڭلاپ،
غەلىتە كۆلدى لىۋىنى يالاپ،
ئاندىن دۈدۈقلاپ تولغاندى بىر پەس،
ئاخىرى مۇنداق سۆزلىدى بەك تەس:
—ئىسمىم ئەژدىھا، مۇددىتىم شۇ،
دەريا ئىچىدىن ئاققۇزماسلىق سۇ.
شۇچاغدا قۇرۇپ بېغىڭ، ئېتىزىڭ،
يوقايدۇ بۇندىن ماكانىڭ، ئىزىڭ.
شەرتىم بار، ئەگەر، قوشۇلساڭ شەرتىمىز،
ئېيتقىن خانىڭغا بېگىمىمىنى تېز.
ئۇ تەسلىم بولۇپ شەھەرنى بەرسۇن،
پۇخرا بىز ئۈچۈن زىرائەت تەرسۇن.
ئوتسۇن بۇ ماكان بىزنىڭ تەۋەگە،
يىلدا تاپشۇرسۇن يۈز مىڭ ئات، تۆگە.
قاشتېشى، مەشۇت تاپشۇرسۇن داۋام
بۇ شەرتنىڭ ئازراق يېرى قالساكام،
دەريانى بوغۇپ، ئوتلار چاچىمەن،
كەلسەڭ ماقۇلغا سۆنى ئاچىمەن؟...»
بۇگەپنى ئاڭلاپ، دېدى ھەممە تەڭ:
«تارتقىن تىلىڭنى مۇتىھەم كورەڭ!
بۇ يۇرت بىزنىڭكى، بىزنىڭكى دەريا،
بىزگە مەڭگۈلۈك ھەتتا بىر گىيا.
ئۆلىمىز، بىراق، بولمايمىز مەھكۇم،
تەكلىمەك ماكانى قوغدايمىز چوقۇم!
تۈرئەي ماختانچۇق، دەريادىن چىققىن،
بولمىساڭ نامەرت قاچما، كەل يېقىن.
تۇتۇشايلى بەل، چېلىشايلى بىز،
قېلىچلىشايلى- سېلىشايلى بىز.

قولىڭدىن كەلسە يېڭىۋال بىزنى!...»
يۇرت جەڭگە چىللاپ ئەژدەر دەيىۋزنى،
سوزلىدى شۇنداق قەھرۇ- غەزەپتە،
ئىزلىدى قاتار مەردانە سەپكە.
ئەژدەرھا سىياق (سودىگەر قولاق)،
قورقۇپ، تىترەپ سىلجىدى يىراق.
بىردىۋالدى ئۇ ئوق يەتمەس يەرگە،
ھەدەپ ئوت چاچتى ئەتراپقا، ئەرگە.
قىلمىدى ئەل-يۇرت كو يۈككە پەرۋا،
بىلگەچ قولىقتىن ئولۇمنى راۋا.
تىنماي ئوت چاچقاچ ئەژدەرھا ئاپەت،
ئادەملەرگە كوپ يەتتى تالاپەت.
كەچكىرىپ، تاققا باش قويغاندا كۈن،
يۇرت ئىچى ياقتىن كەلدى ياڭراق ئۈن.
(تەكلىمەك ماكانىڭ ئايال- قىزلىرى،
خالىسانە سەپتۈزۈپ ئوزلىرى.
ئوران توۋلاپ چىققانتى بۇندا،
ئىدى ياڭراق ئۈن شۇسەپتىن سادا.)
تولۇقلىنىپ سەپ، كوپىيىپ ئادەم،
ئەژدەرھا شىمغا بەرمەي پۇرسەت- دەم،
ئېتىلدى بىردەك ھۇجۇم باشلىدى،
قىزۋۇر غىمىنى مىجىپ تاشلىدى!
لېكىن ئەپسۇندىن پۇتكەچ ئەژدەرھا،
ئوق، نەيزە زەربى قىلمىدى بەۋا(1).
بۇسىرنى بىلدى دانىشمەن بىرزات،
قىلماقچى بولدى ئەپسۇننى بەربات.
ئىلمۇ- ھىكمەتنىڭ كۈچىنى جەملەپ،
ئەپسۇننى ھىكمەت ئوقىدا دەللەپ.
ئاتتى، توگىدى ئەژدەرھا زورى،
كىسىلدى شۇئان نەپەس- ئوتھورى.
قاتتى ئەژدەرھا ئايلاندى تاشقا،
مىدىر- سىدىر مۇ قىلمىدى باشقا.
خۇشاللاندى ئەل، چىقتى ھاردۇغى،
يەلپۈندى شۇدەم يېڭىشنىڭ تۇغى.
بىراق، تاش بولغان ئەژدەرھا تېنى،
دەريانى بوغۇپ توسقاچقا سۆنى.

---

(1) بەۋا— كارغا يارىمىدى.

www.uyghurkitap.com



دەريا ئېقىنى ئۆزگىرىپكەتتى،
تەكلىك ماكانغا خاراپلىق يەتتى.
گۈللەر سولاشتى، باغلار قۇرىدى،
كوزيەتمەس قۇملار يۇرتنى ئورىدى.
بىپايان تېرىم، چەكسىز چىمەنلەر،
تەبىەت ياىغان مەخمەل گىلەملەر.
ئۆژمىزار قاشلار، ئۆزۈمزار ۋادا،
ئېرىق- ئۆستەڭلەر سۇكورمەي ئودا.
قۇمغا كومۇلۇپ ۋەيرانە بولدى،
بۇئىش ئەلئىچرە ئەپسانە بولدى.
كوچتى ئادەملەر سۇ بىار تەرەپكە،
گاھىدا توپ-توپ، گاھىدا يەككە...

x x

بولغاندا ئەشۇئەژدەر بالاسى،
قۇمغا چوككەندە يۇرتنىڭ دالاسى.
قولقازات بولۇپ مەرھۇم دادامغا،
كوز-قولاق بولۇپئامراق پادامغا.
يۇرگەچكە يۇرتتىن يىراق جاڭگالدا،
بىلمەيلا قالدۇق ئەل- يۇرت نەھالدا.
بولمىسا، بىزمۇجەڭگەلگە كىرەتتۇق،
يۇرتنى قوغداشچۈن يەڭنى تۇرەتتۇق!
يېنىپ كەلگەندە جاڭگال- توقايدىن،
ئىزنا تاپالماي بۇرۇنقى جايدىن،
دادام قۇملۇقنى ئارىلاپ كەزدى،
بۇنچە ۋەيرانلىق دىلىنى ئەزدى.
تاپالمىدۇق بىز ،ئانام،ھەدەمنى،
دادامغا ئامراق ماڭا ھەمدەمنى.
يىغلاپ- قاخشىدۇق ئىلاجى قانچە،
دادامنى كېسەل چاقتى بىر كېچە.
تاڭلىمىسى قوپسام يېتىپ قاپتۇئۇ،
«باقىئالەم»گە كېتىپ قاپتۇ ئۇ...
چوپان شۇلارنى سوزلىدى بىر-بىر،
سوزلىدى بۇنى (كەلسىمۇ ئېغىر.)
...ئۇچاغدا بەستىم 10 ياشلىق ئىدى،
ئىلكىمگە مىڭ قوي قاراشلىق ئىدى.

بىلمىگەچ ئىشنىڭ ئېپى- چېپىنى،
يىغلىدىم تۇتۇپ قامچا سېپىنى.
«ھازىر بۇماكان سۇسىز، ئادەمسىز،
تۇرسام بىرگۇدەك يەككە- ياردەمسىز.
ياشارمەن قانداق، نەگە بارارمەن،
بۇگۇن، يا ئەتە ئۇساپ،ھارارمەن.
مەنمۇ دادامدەك قۇمنى باغاشلاپ،
يۇمارمەنمۇ كوز؟...» دىدىم كوزياشلاپ.
تۇساتتىن كوڭلۇم ئۇيقۇ خالىدى،
چۇشۇمدە خىزىر ماڭا قارىدى.
دىدى:« ئەي بالام، يىغلىما ھەرگىز،
بۇيەردە ياتماي سەپەر قىلغىن تېز.
ئورنىڭدىن تۇرۇپ، «پالان» يەرگە بار،
كولا شۇيەرنى كەتمەستە مادار.
سالساڭ مېنىڭكى سوزۇمگە قۇلاق،
كولىغان يەردىن چىقىدۇ بۇلاق.
شىكەردىن لېزىز سۇيىنىڭ تەمى،
ياشىغاي ھەركىم بولسا گەر پەمى!
ئۇن يىلچە كۇتكىن بەختىڭ كۇلىدۇ،
قېشىڭغا كوكتىن بىرقىز كېلىدۇ.
ئاڭغىچە چىدا، يىغا بىپايدا،
قېنى، قوپ بالام، قويۇڭنى ھايدا!...»
خىزىر دىگەندەك ئون يىلمۇ ئوتتى،
بۇرۇت خەتتارتىپ گۇدەكلىك پۇتتى.
خىزىرنىڭ گېپى چىقىمىدى ئەستىن،
ئايقىز، سىز بىلەنئۇ ئۇچراشتۇق راستىن!...»
چوپان يىغىپلا سوھبەت يىپىنى،
ئايقىزغا ئۇدۇل ئېيتتى گېپىنى.
—ئوتكىنى كەتتى، يۇرمەيلى ئويلاپ،
ماڭا يىلى ئەمدى ئەتىنى بويلاپ.
خالىسىڭىز گەر زىمىننى، مېنى،
ياشايلى بىرگە، ماقۇل دەڭ قېنى؟...
چوپان ئۇمىتتە ئايقىزغا باقتى،
بۇتەلەپ قىزنىڭ كوڭلىگە ياقتى.
—مەنسىزنىڭ،- دىدى بىرىپ رازىلىق،
ھەرئىككىسى تەڭ كۇلدى شوخ، ئىللىق.

# 5-باپ

## بەخت ۋەھىجران توغرىسىدىكى پانتازىيە

...ئايقىز ۋەچوپان مۇڭداشتى ئۇزاق،
باشتىن ئۆتكەننى سۆزلەشتى شۇنداق.
سۆزلەشتى يەنە ئەتە ھەققىدە،
سۈيگۈ بابىدا تۇتۇشتى قەدەھ.
قىزدېدى:«ئاسمان كەڭرى بولسىمۇ،
ئۇنىڭ ئىگىسى تەڭرى بولسىمۇ.
«كەڭرى»لىك بىزگە بەرمىدى ئەرك،
قەسىر-زىندانغا كۆمۈلدۇق تىرىك...»
چوپان ئېيتتى:«يەربولسىمۇ چەكسىز،
تېپىلماس بۇندىن غېمى يوق دەرتسىز.
ئاسمان، زېمىندا ئوخشاشلىق كۆپكەن،
«ھەريەردە قازان قۇلىقى توت»كەن.
توت بولسا مەيلى قازان قۇلىقى،
ئوخچۇپ تۇرسىلا جۇرئەت بۇلىقى؛
سىڭەتتىمۇ سۇتوختىتىش مۇمكىن،
كېلەر مەھكۇملۇق «شۇكرى»دىن لېكىن.
قايتماق قەسىرگە ياشايلى بىللە،
يېڭىدىن ھايات باشلايلى بىللە.
سىزغېرىپ ئەسىر، مەن يېتىم چوپان،
بولۇپ قولغا-قول، قېتىپ جانغا-جان!
ئۆتسەك بىرلىكتە، ياشىشمۇ ئاسان،
قايداقراق دېدىم، ئېيتىڭا ئايخان؟...»
ئايقىز تۇردى سەل بولغاندەك خىجىل،
دېدى كېيىن: «كۆڭلۈم سىزگە بەك ئىجىل.
دەم ئايرىلغىلى يوق مەندە تاقەت،
بىراق، كۆككە بىرچىقاي مەن پەقەت.
قەسىردە بولاي ئاخىرقى قېتىم،
(قالغانىتى ئۇندا بىرتوپ ئۈلپىتىم.)
مەن ئىزدەپ چىققان ئۇلارغا ھاۋا،
قىلمىسام بولماس ۋەدىگە ۋاپا؟...»
ئايقىز تەلمۈي كۆرۈلدى ماقۇل،



قويلار تۇلۇمچە سويۇلدى قول-قول.
تۇلۇمچىلارغا ھاۋا تىقىلدى،
ئاغزى باغلىنىپ جۈپ-جۈپ چېتىلدى.
پۈتتى راسكالىق، خوشلاشتى ئۇلار،
ئەدەپ بىلەن قولئۇش-لاشتى ئۇلار..
كۆتۈرۈلدى قىز ساماغا لەرزان،
چوپان دېدى:«خوش، قايتارسىزچا پىسان!...»
«ماقۇل» دېدى قىز كۆزى قىماستىن،
ئوغۇل ئىگىزگە، قىز-باقتى ئاستىن...

× × ×

ئايقىز كىرگەندە راۋاق-قەسىرگە،
دوستلىرى خوشال باشلىدى تۆرگە،
ئېيتىپ بەردى ئۇ كۆرگەنلىرىنى،
بايان ئەيلىدى زېمىن سىرىنى.
چوپان قىسسىسى قىلىندى زىكىر،
بۇندىن كەتكىلى سورىدى پىكىر.
دوستلىرى دەسلەپ بولمىدى رازى،
(قانداق كۆزقىمىسۇن كەتسە ھەمرازى) ①

---

① ھەمراز—سىرداش

www.uyghurkitap.com



ئويلاشتى كېيىن ياخشى-يامانىنى،
كوكتىن خوپىراق دەپ تەكلىك ماكانىنى.
ئايقىز پىكرىگە قوشۇلدى تولۇق،
ھالىغا چۈشلۈق تۇتۇشتى يوللۇق.
خوشلاشتى ئايقىز ھەممىسى بىلەن،
تۇغۇلغان جايى-مەلىسى بىلەن.
تۇلۇمچىدىكى تازا ھاۋانى،
تىرىكلىك ئۈچۈن كېرەك داۋانى.
قىزلارغا بەردى خۇشلاشتى ئاندىن،
چىقتى پەم بىلەن قەسىر-زىنداندىن.
گۇندىپاي تېخى قايتىپكەلمىگەچ،
بىلمىدى قانداق ئىش بولدى بۇكەچ.
قىزلار رۇجەكتىن پولاڭلىتىپ قول،
تىلىدى بەخت، تىلىدى ئاق يول.
ئايقىز شۇھامان يېنىكلا ئۇچتى،
چوپان قېشىغا-زېمىنغا چۈشتى.
چۈشكەندە ئايقىز ئاسمان-پەلەكتىن،
شاتلاندى چوپان دىلدىن-يۈرەكتىن.
مىككىسى بىللە ياسىدى كەپە،
رەخت توقۇپ يۈگدا راسلىدى كوپە.
قازدى بۇلەكتىن چوڭقۇر قۇدۇقنى،
بوزئېچىپ يەرگە كومدى ئۇرۇقنى.
ئۈندى ئۇرۇقلار... ئوخشىدى ئاشلىق،
مىۋە بەردى ھەم مۇھەببەت-ياشلىق.
شۇيىلى كۈزدە (ئوتكەندە 10 يىل)
ئايقىز يەڭگۈدى ئىككىزەك، ئاي-ھاي.

ئۆلارنىڭ ئاغزى يەتتى قۇلاققا،
شەھەرى كۈچەيدى پەرزەنت ئۇماققا.
قولدىن چۈشۈرمەي باقتى ئۇلارنى،
يۈرىگىگە چىڭ ياقتى ئۇلارنى.
ياراشقاچىمكىن پەرزەنت ئايىغى،
ئاشتى چوپاننىڭ بىسات-بايلىغى.
ساغلىقتىنمۇ كوپ بولدى قوزىسى،
شاخقا پاتمىدى كىۋەز غوزىسى.
سوچەككە سىغماي قالدى پىلىسى،
قەدكەردى تاغدەك خامان بولېسى.
ئايقىزۋەچوپان بولدى شۇنچە شات،
پەرزەنتلىرىگە قويدى ئىسىم-ئات.
بىرسىنىڭ ئىسمى چولپان دېيىلدى،
بىرسىگە زوھرە ئىسىم قويۇلدى.
ئىككى پەرزەنت تەڭ زاكىدىن چىقتى،
تىلى دەسلەپتە «ئاتا»دىن چىقتى.
ئىمىلەكلىدى تۇردى ئاياققا،
ماڭدى، ئاتىسى ماڭسا قاياققا.
ئوسكەچ باللار ئوماق ۋە تېمەن،
ئاتا-ئانىلار ئىدى بەك خۇرسەن.
ئوتتى شۇنەرزدە ئارىدىن بەش ياز،
چىقمىدى ھەرگىز جىدەللىك ئاۋاز.
بىرسى-بىرسىگە كۈيۈپ ئوتتۇشتى،
بىرسى-بىرسىنى كۈتتى-كۈتۈشتى.
ھەركۈنلىكى ھېيت، ھەركۈنلىكى توي،
سويگۈسى بولدى بارغانسىرى ئوي. ①



① ئوي—چوڭقۇر، تېرەن

x x

ئەتىياز پەسلى بولۇتلۇق سەھەر،
يايلاققا بارماق بولدى چوپان ئەر.
كەينىدە قالغان ئايقىز، جۈپ بالا،
دېدى: «ئىلاج بار تېزراق قايتىسىلا.
كۆڭلۈم بولەكچە ئېغىپ تۇرىدۇ،
يۈرەك ئەندىشلىك «دوپ-دوپ» ئۇرىدۇ.
كېچە يامان چۈش كۆرۈپ قاپتىمەن،
تاشلانغۇدەكمىش بويۇنۇمغا كەمەن.
كەمەن سالغۇچى كوككوز، تاماقچىش،
چاچلىرى پاخپاق ئالۋاستى ئىمىش.
سورەيمىش مېنى ھەدەپ تالاغا،
تىقماقچى بولۇپ زۇلمەت كاماغا.
ئالۋاستى بىلەن ئېلىشارمىشمەن،
مادارىم كېتىپ يىلىشارمىشمەن.
ئۇنىڭ چىقمايمىش ۋاقىراي دېسەم،
ئۆزلىرىمۇ يوق چاقىراي دېسەم...
ئويغانسام چۈشۈم، تەربېسىپ كەتتى،
بۇ چۈشتىن ماڭا ئەندىشە يەتتى...»
چوپانغا ئېيتتى ئايقىز چۈشىنى،
چوپان ئىڭشىتتى چايقاپ بېشىنى.
دېدى: «ئىزىمغىم بېسىپتۇ قارا،
قويىنى تويغۇزۇپ قايتىمەن دارا. ①
«چۈشنىڭ ئانىسى ئۇلۇپتىكەنىمىش» ②
ئالۋاستى بۇندا قىلىدۇ نىمىش؟
چولپان، زوھراغا ياخشىراق قاراڭ،
كەينىدىن سىرتقا چىقمىسۇن تۇراڭ...»
چوپان سوزىنى تۈگىتىپ شۇنداق،
ئايقىزغا قىلىپ تەسەللى چاقچاق.
قويلارنى ھەيدەپ بۇندىن ئۇزىدى،
چۈش بولدى چولدە تويا تۈزىدى.
گۆكىرەپ بوران، يامىرىدى قۇيۇن،
ئايقىز ئەنسىرەپ سوزدى باش-بويۇن.
كورۈنمەس ئىدى چوپان ھېچيەردە،
يېيىلغان ئىدى ئەتراپقا پەردە.
بەككۈچلۈك ئىدى بوران گور-گورى،
ھەيۋەتلىك ئىدى ئۇنىڭكى سۈرى.
كەپە شاخلىرى قاراسلارئىدى،
گويا مىلىقا مچا تاراسلار ئىدى.
چولپان قىزقورقۇپ بېشىنى چۆكەپ،
زوھرە قىزبولسا سىقىلىپ ھەدەپ.
ئانىسىغا چىڭ چاپلىشار ئىدى،
دادىسىنى بەك يادلىشار ئىدى.
ئايقىز سوزلەيتتى بالىلارغا پەس،
دەيتتى: «بوراندىن قورققۇلۇق ئەمەس.
ئانچىكى نەرسە بوران ۋەھىمىسى،
ئوتۇپ كېتىدۇ بۇنىڭ ھەممىسى.
سەل ئوتسە قوياش يورۇق چاچىدۇ،
داداڭلار كېلىپ ئىشىك ئاچىدۇ...»

x x

دىگەردىن ئوتتى شامغا ئۇلاشتى،
بوران تېخىمۇ ھەددىدىن ئاشتى.
قۇيۇن ئەزۋەيلەپ چىقىراپ كەتتى،
كەپە ئالدىدا يىقىراپ كەتتى.
كەپە ئىشىكىدىن بىرقاراپ كەتتى،
«قاچقۇن بۇندا!...» دەپ ۋاقىراپ كەتتى.
چېقىلدى شۇئان قاراسلاپ چاقماق،
دوكۇلداپ كەلدى چاچلىرى پاخپاق.
ئايقىزغا قاراپ غەزەپلىك كۈلدى،
ئايقىزمۇ ئۇنى كورۈپلا بىلدى.
ئۇ ئىدى كوككوز ئاسمانلىق مەلئۇن،
ئېلىپ كەلگەنتى لەشكەرنى نۇرغۇن.
مەخلۇق «ھىم...» دېدى دىماقنى قېقىپ،
ئەيمەندى بىر پەس كەينگە بېقىپ،
ئىككى گۈدەكتىن ئوزگىنى كورمەي،
يۈرىگى تىنىپ، دېدى: «سەن!...ھەي، ھەي...
ئاسمان قەسىرىدىن قاچقان چېغىڭدا،
رۇجەكتىن يوچۇق ئاچقان چېغىڭدا،

①دارا—دەرھال، ئۇدۇل. ② خەلق ئارىسىدا ئەسكى چۈش كورۈپ قالغانلارغا مۇشۇ
سوز بىلەن تەسەللى بېرىش ئادىتى بار.

www.uyghurkitap.com



ئۇ يىلۇغانىمىدىلىك تۇتۇلمىشىڭنى.
ئەمدى بىر كۆرەي قۇتۇلمىشىڭنى!
ئېيتە، بىرەي مەن ساڭا نەجازا،
قايسى تەرىقە ئاچقۇزاي هازا؟!...»
ئايقىز دەس تۇرۇپ شۇئان ئورنىدىن،
چولپان، زوهرەنىڭ تۇتۇپ قولىدىن،
تىكتى مەخلۇققا ئوتلۇق كوزىنى.
ئوق قىلىپ ئاتتى هەر بىر سوزىنى،
دىدى: «ئاسماننى دوزاق ئەيلىدىڭ.
ئەركىنى بوغدۇڭ، جان ـ تەننى چەيلىدىڭ،
سۇنى، هاۋانى، بىر بۇردا نانىنى،
تارتىۋالدىڭ سەن ئەلدىن ئىمكاننى.
قالمىغاچ كوكتە ياشاشقا ئامال،
قىلغاچ سەن بىزگە قاتمۇ ـ قات ئىۋال:
ئىزدىدىم بەختىم ـ ئەركىمنى يەردىن،
تاپتىم ئۇنى مەن سويگۇدىن، تەردىن.
چوپان جاپاكەش بولدى نىگارىم،
كولدى باشقىدىن ئومۇر باهارىم.
زىمىندە باركەن ئاڭلامۇنداق گەپ:
«ئوكتۇر بولسىمۇ ئويۇم ياخشى» دەپ.
شۇڭا بۇكەپە جەننىتىم بولدى،
ئىرىم ئالدىدا هورمىتىم بولدى.
ئىشلىدۇق بىللە چولنى كوكەرتتۇق،
مال ۋاران قىلدۇق، نەسىل كوپەيتتۇق.
بىلىپ قوي: ئاسمان نەزىرىمدە يوق!
قايتمايمەن ئۇندا، قىلغىنىڭغا دوق...»
مەخلۇق دىدى: «ئەي ۋەتەنسىز قاچاق...»
ئايقىز دىدى: «مەن ۋەتەنگە ئامراق...»
مەخلۇق دىدى: «كوك يۇرتۇڭ ئەمەسمۇ؟»
ئايقىز دىدى: «يەر كوكىڭدىن ، پەس، مۇ!»
مەخلۇق دىدى: «سەن تۇرساڭ كوك نەسلى؟»
ئايقىز دىدى: خەلق بىر تۇققان نەسلى!»
مەخلۇق دىدى: «ماڭ، دىل ئۈز هەۋەستىن،
ئادا ـ جۇدا بول چوپاندىن، پەستىن!»
ئايقىز دىدى: «كەت، كەلگەن جايىڭغا!»
يېتەلمە يەسەن شوم مۇددىمايىڭغا!»
—ئېيتارسىڭ شۇمۇ؟
—باشقا گېپىم يوق!
—مەجبۇرلىسامچۇ؟
—ئاقمايدۇ زورلۇق!
—كوزۇڭنى ئويسام؟...
—باتىن كوزۇم بار!
—تىلىڭنى كەسسەم؟...
—ۋىجدان سوزۇم بار!
—بېشىڭنى چاپسام؟...
—قىلمايمەن پۇشمان!
—بالاڭ ئولسىچۇ؟
—قويمايدۇ ئامان!...
—كىم؟...
—ۋاپادارىم، مەھبۇبەم چوپان.
ئۇنىڭ ئالدىدا سەن كىم، بىر هاۋان!...
«ها...ها...» لاپ كولدى مەخلۇق بوكەپكە،
دىدى: «تاقىتىم يەتتى ئەڭچەككە.
باغلاڭلار بۇنى كىچۇككىنى هەم،
قەسىر گەچىقىپ جازالاي ئوزەم!...»
قويۇن چىقىمچى ئاڭلاپ بۇيرۇقنى،
«لەببەي» دىگەنچە قىسىپ قۇيرۇقنى.
ئايقىزنى شۇئان تۇتماقچى بولدى،
ئوزىچە زەپەر قۇچماقچى بولدى.
ئايقىز ئىپلىپلا ئوقيا، كامانىنى،
مەخلۇققا بەرمەي ئامان ـ زامانىنى،
ئوق ئۇزدى دەرهال لەشكەرتوپىغا،
چىدىيالماي ياۋ قىزنىڭ ئوقىغا،
چېكىنىدى، قاچتى توۋلاپ «دات...» دەپ.
زوهرا هەم چولپان كولدى «هاي ـ هات...» دەپ.
مەخلۇق چىدىماي نومۇس خورلۇققا،
سوكۇلداپ چاپتى دەرهال قوملۇققا.
قاچقان لەشكەرنى يىغدى سەپ قىلىپ،
جەڭگە ئوندىدى ئالداپ گەپ قىلىپ.
ئىككى ـ ئوچ مەرتەم ئېلىشتى ئۇلار،
هەر قېتىم قاچتى ـ يېڭىلىشتى ئۇلار.
بىر چاغ ئايقىزنىڭ توگىدى ئوقى،
چىقتى پىنهاندىن ئاسمان مەخلۇقى،
ئايقىز قورالسىز، يالغۇز ـ دەرمانسىز.

مەخلۇق لەشكىرى بىھېساپ- سانسىز،
شۇڭا بۇجەڭدە ئايقىز ئۇتتۇلدى.
ياۋۇز مەخلۇققا يەنە تۇتتۇلدى،
مەخلۇق كورەڭنىڭ شات بولدى ھالى.
سەكرەپ كەتتى ئۇ بۇرگە مىسالى،
بۇيردى ئاندىن لەشكەر بېشىغا.
«باڭلىسىمۇ چاتقىن قېشىغا،
بۇندىن ھايالسىز راۋان بولايلى.
چوپان قەستىدىن ئامان بولايلى،
ئاسمان قەسىردە ئولتۇرۇپ غەمسىز،
قاچاقنى شۇنداجازالايلى بىز...»
مەخلۇق لەشكىرى بۇيرۇقنى ئاڭلاپ،
ئىشنى تۇگىتىپ ماڭدى ئالچاڭلاپ.
ئايقىز ھەر ياققا ئۇرۇپ ئۇزىنى،
يايلاق تەرەپكە تىكىپ كوزىنى.
جۇپتى چوپاننى چىللايتتى بۇدەم،
ئۇنىماس ئىدى ئاغىلى قەدەم.

«دادا... دادا...» دەپ زوھرا ھەم چولپان،
توكەتتى كوزىدىن ياش ئورنىغا قان.
دەيتتى باللار: «دادا، تېز كەلگىن،
كوككوز مەخلۇققا جازالار بەرگىن.
دادا، جان دادا تولپار بولۇپ چاپ،
مەخلۇق قولىدا تارتمايلى ئازاپ.
دادا، جان‌دادا بىزتورۇپ مۇشتەك،
بولمايلى مەھكۇم قاناتسىز قۇشتەك.
ئانام باغلاقتا پۇتتى ماجالى،
دوزىغا①چۇشكەن شۇڭقاردەك ھالى.
ئانامنى، بىزنى قۇتقاز كېلىپ پات!!...»
دەيتتى كوتۇرۇپ نالە ھەم پەريات.
قىزلار نالىسى ئالەمنى باستى،
بۇنىڭدىن بىغەم مەخلۇق ئالۋاستى؛
كېلەتتى ئويەپ②، كولەتتى بەزى،
كەينىدە ئىدى ئۇنىڭ بىر كوزى....»

# 6-باپ

## جۇدالىق تېراگېدىيىسى

قەسىر گوزەللى ئېيتقاندا شۇنى،
ئىلكىگە ئېلىپ ئەندىشە مېنى.
سورىدىم: «چوپان كېلەلىدىمۇ؟
بۇ پاجىئەنى بىلەلىدىمۇ؟
مەخلۇق، ئايقىزنى ئېلىپ كەتتىمۇ؟
ئىككى گودەكنى بوزەك ئەتتىمۇ؟
قانداقچە بولدى ئىشنىڭ داۋامى،
ئوچتىمۇ شۇنداق مۇھەببەت شامى.
قىلماڭ تەقەززا مېنى ئەي گوزەل،
ئېيتىڭا چاپسان شۇھەقتە غەزەل!...»
غەزەلچى قىزنىڭ ياشلاندى كوزى،
ئايقىز تەرەپكە قايرىلدى يۇزى،
ئايقىز بۇچاغدا سوكۇتكە چوكۇپ،
كوزىدىن ھىجران يېشىنى توكۇپ.
ئولتۇراتتى جىم مۇجۇلۇپ دىلى،
تىترەيتتى جىسمى، تىترەيتتى قولى.
ئۇ، بىردىن «ئاھ...» دەپ چەكتى مىڭ پىغان،
ھوشىدىن كېتىپ يىقىلدى شۇئان.
قەسىر قىزلىرى تۇرۇپ ئورنىدىن،
قۇچاغلاپ ئۇنى يولەپ بوينىدىن.
ھاۋا پۇراتتى دىماق-بۇرنىغا،
ياتقۇزدى ئاندىن ئاستا ئورنىغا.
ئېچىنىپ قىزلار ئايقىز ھالىغا،
ئوردى مىڭ زەخمەك خىتاپ تارىغا:
«...تەقدىر نىمانچە كاژلىق قىلمىسەن؟
شاتلىقنى غەمدە تىلىپ-تىلمىسەن؟

①دوزا —ئوچار قۇشلارنى تۇتۇشقا ئىشلىتىلىدىغان تور. ②ئويەپ — خاتىرجەم بولال-
ماي مەنىسىدىكى سوز.

«يات»نى«ئۈز»قىلىپ تېپىشتۇرسەن،
بېقىشتۇرسەن، يېپىشتۇرسەن.
تۇترۇق بولسەن تۇتاشمىغانغا،
لاۋۇلدىسا ئوت چىقمسەن يانغا،
كويسە بىراۋلار چالمسەن چاۋاك،
ۋىسال هولىدىن ئاچسەن كاۋاك.
سەن تىككەن كوچەت ئاچقاندا چېچەك،
مۇۋەبەرگۈزمەي ئەيلىدىڭ پۇچەك،
ئىشقى مىمارى كوتەرگەنتى قەد،
يىقىتتىڭ ئۇنى قىلماستىن مەدەت...
پەلەك، ئەي پەلەك چىقتىڭغۇ ئىزدىن،
تەتۇر ئايلىنىپ ئوچ ئالدىڭ بىزدىن.
پەلەك،ئەي پەلەك چىقتىڭغۇ ئىزدىن،
ئاتا-ئانىنى ئايرىدىڭ قىزدىن.
پەلەك، شۇم پەلەك، كوتىرىپ غوغا،
ۋاپا كولىگە چاچتىڭغۇ توغا.
ئايقىز هالىنى قويمىدىڭ سوراپ،
چوپان بەختىنى ئەيلىدىڭ خاراپ!؟...»
قەسىر قىزلىرى قاغاپ تەقدىرنى،
زارلاپ پەلەكتىن، ئىزىپ بېغىرنى.
چېكىشتى پەريات ئايقىز هالىغا،
تەس ئىدى چىداش بۇ زار-نالىغا.
بىرچاغدا ئايقىز ئاچتى كوزىنى،
ئولتۇردى تەستە رۇسلاپ ئۆزىنى.
ئىچىپ سۇدىن ئۇ بىرنەچچە يۇتۇم،
غەزەلچى قىزغا دىدى: «جان دوستۇم،
جۇدالىغىمدىن قوشاق توقۇغىن،
بىلگەنلىرىڭنى قويماي ئوقۇغىن.
سوزلە بىر-بىرلەپ مەخلۇق دەستىدىن،
تارتقان ئازاپنى ئۇنىڭ قەستىدىن...»
قوشاقچى گۈزەل سازىنى ئېلىپ،
ئايقىزدەك غەملىك پەدىگە چېلىپ.
باشلىدى غەزەل ئوقىدى قوشاق،
مۇنداق مەزمۇندا توقىدى قوشاق.

x x

...ئايقىزنى باغلاپ ماڭغاندا مەخلۇق،
(ئوچكەندە ۋىسال تېگىدىن يۇرۇق.)
چوپان يىراقتا- مەلەتېشىدا،
ئولتۇرار ئىدى قويلار قېشىدا.
شۇچاغ بىر قۇچقاچ ئۇچۇپ كېلىپ تېز،
—چاپسان قايت! -دىدى،-كېچىكمە هەرگىز،
ئايقىز خەتەردە، كەپەكتامان چاپ،
هىجران دەشتىدىن ئۇنى ئىزدەپ تاپ!
ۋىچىر، ۋىچىر،ۋىچ، ئال ئوقيا، قېلىچ،
غەپلەت-ئۇلۇمدۇر، يۇرمە بىغەم-تىنچ...
كەلدى بىر ياقتىن كەكلىك كىردىلداپ،
پەرۋان پىرىلداپ، قالغاچ شىردىلداپ.
دىدى هەممىسى: «ئەي چوپان ئوغۇل،
ماڭغىن مەلىگە توختىماي ئۇدۇل.
كېچىكمە ئەمدى، چاپسانراق يۇگەر،
خوتۇن،بالاڭدىن تېزراق ئال خەۋەر.
كېچىكسەڭ چاتاق،قايتقىن مەلىگە،
يېپىشتى خەتەر ئايقىز هەدىگە!!...»
قۇشلار خەتەردىن بەردى بىشارەت،
ئۆزتىلى بىلەن قىلىپ ئىشارەت.
چوپان قاندىقتۇ خەتەرنى سىزىپ،
يىراق يوللارنى بىر دەمدە بېسىپ.
يۇگۇردى-چاپتى ئۇچقاندەك تېز،
كورۇندى بىرچاغ كەپە هەم ئېتىز.
ئاڭلىدى چوپان جىمدەل-غەلۋىنى،
مۇجمىدى ۋايىم يۇرەك-قەلبىنى.
بۇچاغ لەشكەرلەر ئون گەز ئىگىزلەپ،
ئاسمان قەسىرى-مەنزىلىنى كوزلەپ،
ئورلىگەن ئىدى زىمىندىن-پەستىن،
بۇدۇكشۇ يەتتى قىز بۇيۇن بەرمەستىن.
چولپان، زوهرەنى سورەيتتى مەخلۇق،
يىغلىسا ئۇرۇپ قىلاتتى زورلۇق...
بۇهالنى كورۇپ چىدالماي چوپان،
سەكرەپ-تىپىرلاپ، يۇگۇرۇپ هەريان.
چاقىردى جۇپتى ئايقىز ئېتىنى،
چاقىردى يەنە ئىككى قىزىنى.
قايتۇردى جاۋاپ قىزى،ئىنگارى،
چىكىلدى شۇنداق جۇدالىق تارى.
تىتىردى يەر-كوك،تىتىردى ئالەم.
بۇلار دەردىگە بولۇشۇپ هەمدەم.

تاشلار ئۆۋۈلۈپ قېتىمىشتى قوشاق.
تاغلار سۇ بولۇپ ئېيتىمىشتى قوشاق:
„...ئاتا-بالىنى ئايرىغان پەلەك.
مۇھەببەتكە زىت سايرىغان پەلەك.
ئەي مەشئۇم پەلەك، ستەمكار پەلەك،
ئايقىز، چوپانغا ھىممايە كېرەك!
چوپاندا يوقكەن ئۆچقىلى قابىيات.
ئايقىزغا يوقكەن ئۆزەڭدىن ھىممات،
يوقمۇ زورلۇقنىڭ چېكى-ھودۇتى①،
نەلەرگە كەتتىڭ ئادالەت سوتى؟..."
چىققىمدى بۇڭا پەلەكتىن سادا،
كەلدى ۋەلەيكىن يۈرەكتىن سادا.
يۈرەك ساداسى چوپاننى نۇقۇپ،
دېدى: «مەلئۇننى چۈشەرگىن سوقۇپ.
قېنى قولۇڭغا ئوقيارىڭنى ئال،
پۇرسەت غەنىمەت، ئۇتمىسۇن ھايال!!»
شۇيا گۆراق سادا (يۈرەكنىڭ ئۈنى)
بىردىن ھۇشىغا كەلتۈردى ئۇنى.
غەزەپلىنىپ چوپان يانى چىڭ تارتتى،
يۈگۈلۈك مەخلۇقنى نىشانلاپ ئاتتى.
ئوچتى ۋىڭىلداپ ئوقكۆك تەرەپكە،
مەخلۇق «ۋاي...» دېدى ئوق يەپ بىسىلەككە.
كىرچىمنى قايتا تارتقاندا چوپان،
ھىلىگەر مەخلۇق بولدى سىڭايان.
زوھرا، چولپاننى ئوققا قارىتىپ،
ئۆزىنى قىزلار كەينىگە ئېتىپ.
ئامالسىز قويدى ئوقنى ئاتقىلى،
ئاڭغىچە مەخلۇق يىراقلاپ كېتىلى؛
قارىسى يۈتتى چوپان كوزىدىن،
شۇچاغ بىر سادا كەلدى قىزىدىن:
—دادا، چاپسان بول، ئوقيارىڭنى ئات،
بىزنى ئاۋايلاپ ياۋنى قىلما شات!
دادا، چاپسان بول، كىرىچىڭنى تارت،
بىزنى ئويلىساڭ مەخلۇقنى يوقات!...
چوپان شۇھامان چىشلەپ لىۋىنى،
نىشانىنى دەللەپ ئاتتى ئوقىنى.
ئوق ئەجەل يوللاپ مەخلۇق ياۋۇزغا،
سانچىلدى ئۆدۈل بېرىپ بوغۇزغا.
ئىڭرىدى مەخلۇق «ۋاي-ۋاي»غا چۈشتى،
قۇتۇلۇپ چولپان بىرسايغا چۈشتى.
(بۇساي قەسىرنىڭ بېقىنى ئىدى،
سامان يولىنىڭ ئېقىمى ئىدى.)
زوھرامۇ دەرھال ئوڭشاپ ئۆزىنى،
مەخلۇقتىن يىراق ئەتتى ئىزىنى.
ھالقۇمغا كەلدى مەخلۇقنىڭ جېنى،
دېدى: «خەپ چوپان، ئۆلتۈردۈڭ مېنى.
بولمىغىن خوشال ئۇنچە ئالدىراپ،
قوياي ھەممىڭنىڭ يولىنى توراپ.
ئايالىڭ، قىزىڭ تاپمىسۇن سېنى،
كارامىتىمنى كورۇپ قويغىنى...»
مەخلۇق شۇ گەپنى تەسلىكتە دېدى،
سەكرات چېغىدا بىرلا سىلكىندى.
شۇئان ئايلاندى تۇتۇن-تۇمانغا،
يېيىلدى تۇمان پۈتكۈل ئاسمانغا.
قاپلىدى كوكنى بىرقەۋەت پەردە،
قەپقالدى شۇڭا توت جان توت يەردە...

× ×

ئاسمان لەشكىرى چىقىپ قەسىرگە،
ئايلانغاندا قىز قايتا ئەسىرگە.
سولاقتا ياتقان قەسىر قىزلىرى،
يۈگۈلۈك مەخلۇقنىڭ ئەسىر قىزلىرى.
يىشىپ ئايقىزنىڭ پۇتى، قولىنى،
ياتقۇزدۇق، ياپتۇق چەكمەن تونىنى.
ئايقىز بىرچاغدا ئېچىپ كوزىنى،
راۋاقتا قايتا كورۇپ ئۆزىنى.
كوتەردى پەريات چوپاننى يادلاپ،
دىلپارى زوھرا، چولپاننى يادلاپ.
ئاقتى كوزىدىن جۇدالىق يېشى،
باستى قەلبىنى ھىجراننىڭ تېشى.
ئايقىز ماغدۇرغا كەلگەندە خېلى،
بەردۇق ئۇنىڭغا ئىلھام-تەسەللى.
ماۋۇ سوزلەرنى ئېيتتۇق قىسقىچە:
«...دوستۇم، سەن كېتىپ بىرھەپتىگىچە.

① ھودۇت—چېكى، ئاخىرى، سانى.

بولمىدى ھېچگەپ (كەلمىگەچ ساقچى،)
سەن يوق تۇن بولدى ئاسماننىڭ ئىچى.
ساقچى قايتقاندا مەخلۇق قېشىدىن،
سېنى تاپالماي كەتتى ھۇشىدىن.
قولتۇققا قىستى كەيگەن تۇماقنى،
قولىغا ئالدى مىخلىق چۇماقنى.
ئىزدىدى سېنى ئەتراپنى ئالاپ①،
قىينىدى بىزنى، دەپ: «قاچاقنى تاپ؟»
«بىلمەيمىز»دىدۇق، «كورمىدۇق» دىدۇق،
ساقچىدىن كۆندە تاياقلار يىدۇق.
ئۇ چاپتى مەخلۇق تامانشا پاشلاپ،
ئېپكەلدى ئۇنى يۇدۇپ-ھا پاشلاپ.
مەخلۇق دەسلەپتە باغلاپمۇ كوردى،
ھەيۋە ئەسقاتماي ئالداپمۇ كوردى.
دىدى ئۇ:«ئايقىز كەتتى قاياققا؟
ئېيتىپ بەرسەڭلار بېرىمەن سوغا.
ھەتتا سولاقتىن قىلىمەن ئازات،
بولمىسا قىيناپ بېرىمەن ئازاپ؟!...»
كەينى بىرقىلىپ«بىلمەيمەز» دىدۇق،
(بىلسەنغۇ، بىزچېقىمچىمىدۇق؟)
تاپالماي مەخلۇق قىلچە يىپ ئۇچى،
«خەپ!»،دىدى سەكرەپ،دىلتۇردى چېچى.
بۇرۇنقى مىلك گەز چەكمەن ئالۋىنگى،
ئىككى مىلك بولدى-كوپەيدى مىگى.
توقۇدۇق چەكمەن چىداپ، لەۋ چىشلەپ،
تۇتتى ساق بەش يىل ئارامسىز ئىشلەپ.
مەخلۇق تالاي رەت ئەتراپنى كەزدى،
سېنى ئىزدەشتىن ئەخىرى بەزدى،
بىراق، چېقىمچى لەنىتى قۇيۇن،
زىمىن تەرەپكە ئۇزىتىپ بويۇن.
تۇرار جايىڭنى كورۇپ قايتىپتۇ،
مەخلۇققا بىرىپ ئەھۋال ئېيتىپتۇ.
مەخلۇق بىرئايدەك قىلىپ تەييارلىق،
سېنى تۇتقىلى چۇشۇردى يارلىق...»
ئەھۋالنى شۇنداق بايان ئەيلىدۇق،
تەپسىلاتلارنى ئايان ئەيلىدۇق.
دىدۇق يەنە:«بەس، بولىغىن خاپا،
بىزگىلا كەلمەس رىيازەت جاپا.
بىركۈنلەر كېلەر بۇلارمىز ئازات،
ئۇچارمىز ئەركىن، يايارمىز قانات.
بولارسىلەر جەم ھەممىڭلار شۇ چاغ،
ئاسماندا، يەردە ياسارمىز گۇلباغ!»

x x

ئوتتى تالاي يىل، قىردى ئالەم،
قىرىلدى-ئولدى، تۇغۇلدى ئادەم...
بىراق ياش پېتى قالدى مۇھەببەت،
قالدى شۇ پېتى ۋاپا، ساداقەت.
ئايقىز ھەركۈنى قەسىردىن چىقىپ،
چولپانغا، گاھى زوھراغا بېقىپ.
«سامان يولى»نى ئايلاندى ھامان،
ئوزىنى ئاتتى چوپان-يارتامان.
ۋە لېكىن مەخلۇق يايغان پەردىدىن،
ئەشۇ پەردىنىڭ قەستى-دەردىدىن.
مۇرات-مەقسىدى بولمىدى ھاسىل،
نىسىپ بولمىدى قوشۇلۇش-ۋەسىل.

x x

ئاسماندىكى «ئاي»-ئايقىز ئوزى شۇ،
كوكتە پارلىغان قىزنىڭ يۇزى ئۇ.
ئۇ تۇندە. يۇرەر ئاسمان ئىچىدە،
(ھەممە كوردۇ ئۇنى كېچىدە.)
قايتقان چېغىدا ۋىسال قېچالماي،
دەيدۇ كىشىلەر «پاتتى ئەنە ئاي...»
ئېيتقانلىرىم راس، قىلماڭ بۇگاشەك،
ئاسماندا«ئاي» يوق، ئايقىز-ئاي دىمەك!
تاڭدا پارلىغان چولپان يۇلتۇزى،
يۇلتۇز ئەمەسكى، چوپاننىڭ قىزى.
ئۇھەر كۇن سەھەر كوكنى ئارىلار،
«دادا، ئانا...»دەپ بىھۇش-ئايلىنار،
يۇرەر زوھرامۇ ئايقىزنى ئەگىپ،
پەسكىمۇ باقار بويىننى ئىگىپ.
ئەمما ئىككى قىز ئانىدىن يىراق،
كوزىدىن چاقناپ ئاتەش-ئوت-پىراق.

---

①ئالاپ-ئاختۇرۇپ، ئارىلاپ مەنىسىدىكى يەرلىك شىۋە.

پاشقىچە لۇرلۇق كورۇنەر هامان،
(بۇ هالنى بىلمەس زېمىنۇ-جاهان)

شۇڭا قەسىرنى «ئاي» دەپ چۈشىنەر،
چولپان، زوهرانى «يۇلتۇز» دەپ بىلەر...

## خاتىمىسى

ئاسمان قىزلىرى شۇنى دىگەندە،
دەرمىشمەن: «ئەهۋال مۇنداق ئىكەن-دە!»
قىزلارغا قاراپ ئېيتقۇدەكمەن سوز:
«جېنىم هەدىلەر ياشلىماڭلار كوز.
ئايخان هەدە، بەس، بوشراق مۇڭلۇنۇڭ،
ئۇمىتلىك بولۇڭ، كۇلۇڭ-روهلۇنۇڭ.
ۋەتىنىم جۇڭگو سىلەرگە هەمدەم،
سۇنۇدۇ ياردەم قولىنى هەردەم.
مەخلۇق ئاسمانغا يايغان شۇم پەردە،
كومپەيكۇم بولغاچ بەندەر-بەندەردە؛
«سۇنئى هەمرا»نى چىقاردۇق كوككە،
ئايقىز بار قەسىرهازىر دەڭ-سوكە! ①
«ئالەم كېمىسى» ياسىدۇق يانا،
چىقتىم ئۇنىڭدا ئەمەسمۇ مانا!
چوپان ماكانى باغ بولدى هازىر،
تەكلىمك ماكانغا گۇل تولدى هازىر.

ئايقىز جان هەدە قىلمىڭ سەل تەخىر،
مۇرادىڭىزغا يېتىسىز ئاخىر.
ئىككى قىزىڭىز تېپىلىدۇ پات،
ئۇچراشتۇرىمىز سىزنى قىلىپ شات.
چوپان يارىڭىز چىقىدۇ بۇندا،
ئۇينايمىز ئىسىل، كاتتا تويشۇندا.
«ئاسمان تېغى»نى بىللە كېسىمىز،
«پىنهان دەريا»نى بىللە تېشىمىز.
«سامان يولى»نى-كونا قانالنى،
ئاچىمىز، كوككە تېرىمىز شالنى.
بۇنىڭغا چوقۇم بولىمىز كېپىل،
يار بىزگە چۈنكى زامان، پەن،ئېقىل...»
قەسىر قىزلىرى سوزۇمنى ئاڭلاپ،
«رەخمەت جۇڭگولۇق يىگىت» دەپ داڭلاپ؛
چاۋاك ياغدۇرۇپ كۇلۇپ كەتكۇدەك،
ئويغانسام ئالەم يورۇپ كەتكۇدەك...

## خاتىمىنىڭ خاتىمىسى

ئورنۇمدىن تۇرۇپ چايقىدىم ئېغىز،
چۈشۇم مېڭەمدە ئەكىس ئەتتى تېز.
هاياجىنىمنى باسالماي قالدىم،
كوككە تىكىپ كوزنەزەرىم سالدىم.
بۇچاغدا قۇياش پارلىغانىدى ئوز،
باغچامدا بۇلبۇل سايرىغانىدى ئوز.
ئىپار بوي گۇللەر چاچاتتى پۇراق،
ئىلهام دەپتىرى ئاچاتتى ۋاراق.
تەپەككۇر قۇشۇم قىلاتتى پەرۋاز،
دەيتتى خىيالىم: «قەلەمنى ئال، ياز»
پىكىر قوشۇنى تىزىلىپ سەپكە،

مىسرالار جۇپ-جۇپ جايلىشىپ بەتكە.
جۇرئەت كېمىسى يايغاچ يەلكەننى،
ئايلاندىم كوكنى، كەزدىم توۋەننى.
يېزىلىپ پۈتتى قوشىغى ئاينىڭ،
پۈتتى سۇرىتى شېئىرلىق جاينىڭ.
تاسەۋۋۇر بىلەن پۈتسىمۇ قوشاق،
رېياللىق ۋاقتى قالمىدى ئۇزاق.
ئەنە، چوڭ ئوغلۇم مەكتەپكە ماڭدى،
كىتاپلىرىنى كوكسىگە تاڭدى،
چوڭ بولغاندا ئۇ بولىدۇ ئالىم،
(بۇنىڭغا ئىمكان بېرىدۇ ئىلىم.)

---

① سوكە-سۇپا.

www.uyghurkitap.com



مەن چۈشتە چىقسام ئاسمان كوكىگە،
ئۇ چىقار راستىن بەكراق تۆپىگە!
ئەنە، كىچىگى بۆشۈكتە كۈلەر،
ئۈنىڭ ئالدىدا ئىقبالىلىق كۈنـلەر.
يەن ئاڭا قانات، ۋەتەن ئاڭا يار،
يارىتىدۇ ئۇ ئەجرىدىن گۈلزار.
بەرھەق چىقار ئۇ ۋىنىرا، مارسقا،
ئايلاندۇرىدۇ چۈشۈمنى راستقا!
مەن شۇ ئاسماننى ھاۋاسىز دېدىم،
(مۇشۇ قىياسنى، غەلەتتىز دېدىم؟)
بىركۈنلەر كېلەر، كەلگەندە شۇكۈن،
يېشىلگەي چوقۇم تېپىشماق تۈگۈن.
شۇڭا ئۈمىتلىك بېقىپ يىراققا،
يازمامنى سۇندۇم باتۇر ئەۋلادقا!...

1981- يىل ئوكتەبىر خوتەندە يېزىلدى،

1982- يىل سىنتەبىردە ئۆزگەرتىلدى.

# ئارزۇ

ئەركىن داۋۇت

سۈپ-سۈزۈك دەرياسۇيى بوپ توختىماي ئاقسام ئىدىم،
ۋادىلارنى گۈلگە پۈركەپ ئۈنچىلەر چاچسام ئىدىم.

چىقسىمۇ تەاۋە بوران، قارلەيلىسىدەك گۈل ئېچىپ،
توتپەسلىنىڭ ھەممىسىدە خۇش پۇراق چاچسام ئىدىم.

ئۆلغۇيۇپ ئاسمانغا بوي تارتىپ يېشىل ئورمان كەبى،
ئۆزدىيارىم كوكسىگە رەڭدار بېزەك تاقسام ئىدىم.

دىل بېغىمغا گەركۈچەت تىكسەم يېتىلسە مول مىۋە،
داستىخان راسلاپ ئۈنىڭدىن ئەل بىلەن باقسام ئىدىم.

نۇرچېچىپ تارىخ بېتىدە مەڭگۈگە ئۆچمەيدىغان،
خەلق سۆيۈپ ئوقۇيدىغان نادىر ئەسەر يازسام ئىدىم.

قىلدۇرۇپ دىل سومرۇغۇمنى كوكتە پەرۋاز دائىما،
سەيلە قىلىپ ئالەم ئارا مەغرۇر قانات قاقسام ئىدىم.

زېھنى ئەقلىمنى سېلىپ ئىشقا، ياساپ پەنئاچقۇچى،
تىلسىمات دۇنياسىنىڭ سىرلىرىنى ئاچسام ئىدىم.

ئالقىنىمدا نەچچەمىڭ ئايلاندۇرۇپ يەرشارىنى،
ئويناتۇپ ئالماس تىغىمنى تاغدىن گوھەر قازسام ئىدىم...

پاھ! مېنىڭ ئارزۇلىرىم، سەن نەقەدەر پارلاق گۈزەل،
كوزلىگەن ئارمانلىرىمغا بىرمۇ-بىر قانسام ئىدىم.



# ئەل قوينىغا كىرگەن يىگىت

(ھېكايە)

ئابدۇقادىر سادىر

## (1)

مەھەللىمىزدە قىش كېلىشى بىلەنلا باشلىنىپ كەتكەن «قاتارى مەشرەپ»نىڭ بۈگۈن ئاخشامقى نۆۋىتى باشقا ئۆيدە بولسىمۇ، تۇساتتىن قاسىم ئاخۇن ئۇستامنىڭكىگە يۆتكىلىپ قالغانلىقى مېنى بىرئاز تەئەججۈپكە قويدى.

ئۆزەمنىڭ يېزىدا ئۆسۈپ، يېزا تۇرمۇشىغا كۆنۈپ قالغانلىقىمدىنمىكىن، يا شەھەرلەردىكى يېڭىچە ئويۇن-تىياتىرلارغا ئانچە بارماي، يېزا ئاھالىلىكىگە خاس يەرلىك ئويۇن-مەشرەپلەرگە ئادەتلىنىپ قالغانلىقىمدىنمىكىن، ئەيتاۋۇر، مەھەللىدە بولغان ئويۇن-تاماشىلارنىڭ ھېچقايسىدىن قىسمىي قالمايتتىم، ئەمما بۈگۈنكى مەشرەپكە ئالدىرىشىم، ئەنە شۇ «مەشرەپخۇمارى»لىقىم بولماستىن بەلكى، پەۋقۇلئاددە، نۆۋەتسىز ئۆتكۈزۈلمەكچى بولغان مەشرەپنىڭ سىرى ئىدى. بۇنداق ساندىن تاشقىرى مەشرەپلەر، مەھەللە ئادىتى بويىچە بىرەرسىمىزنىڭ ئۆيىگە چەتتىن مېھمان كېلىپ قالغاندا، ياكى بولمىسا، مەشرەپ بەرگۈچىنىڭ مەھەللە جامائىتىگە پەۋقۇلئاددە مەسلىھەتى بولغاندا ئۆتكۈزۈلەتتى. شۇڭا مەن ئالدىراپ قالدىم، ئالدىرىغانسېرى، بۈگۈن كەچرەك ئېسىلىپ قالغان قازان ئوچاقتىن چۈشمەي ئۇزاتاتتى.

مەن قاسىم ئاخۇن ئۇستامنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەلگىنىمدە مەشرەپ ئاللىقاچان باشلىنىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ يېڭىدىن ياسىتىۋالغان قوش سۇپىلىق چوڭ ئايۋىنى ئادەمگە لىق تولغان ئىدى. شىپاڭ ئاستىدىكى كۋادىرات شەكلىدىكى پەگادا بولسا، ئىككى ياش يىگىت بىر-بىرسىگە شۇنداق يېقىملىق بېقىشىپ «تاڭ سەيلىسى»گە دەسسەۋاتاتتى.

مەن ئويۇن سوستاۋىنى بۇزماسلىق ئۈچۈن ئۆيدىكىلەر بىلەن سالام-سائەت قىلىشنىڭ ئورنىغا، چاقچاقلىق بىلەن داپەندىنىڭ يېنىدىكى بوش ئورۇنغا ئۆتۈپ جايلاشتىم-دە، ئۇلارغا ئەگىشىپ چېلىشقا كىرىشتىم، مۇشۇ تاپتا قولۇم ساز پەدىسى بىلەن كامالچىدا بولسىمۇ، خىيالىم ئەنە شۇ ئىككى ئۇسسۇلچىدا قالغان ئىدى.

ئۇلارنىڭ ياش قورامى، بوي تۇرقى، بىر-بىرسىدىن ئانچە پەرقسىز بولۇپ، بىرسى: ئاق پىشماق، كۆككۆز، ئىنچىكە قاڭشالىق، سوزۇنچاق يۈز، كۆك چېپەرقۇتتىن ياشلارغا خاس ئۇستىۋاش قىلىنۋالغان يىگىت بولۇپ، مۇشۇ مەشرەپنىڭ ئۇيۇشتۇرغۇچىسى قاسىم ئۇستامنىڭ ئوغلى پەيزەخمەت ئىدى. يەنە بىرسى بولسا، بۇغداي ئۆڭ، ئۇلاشمىقاش، قاراكۆز، دوغلاققىمنەكەلگەن، سېمىز يىگىت نىزامىدۇن ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئىزامىدۇن، يېزىمىز ياشلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ئىناۋەتلىك، ماھىر ئۇسۇلچىلارنىڭ بىرسى بولۇپ، كىشىلەر ئۇ قاتناشمىغان ھەرقانداق مەشرەپنى قىزىمىغاندەك، كۆڭلى كۆكسى ئېچىلمىغاندەك ھېس قىلىشاتتى.

ئۇسۇل پەدىسى «سەنەم»دىن ئۆزگىرىپ «سىرلىما»غا كەلگەندە، چىپ-چىپ تەرگە چۆمگەن يىگىتلەر ئاستا توختاپ، مەشرەپ رەسمىيىتى بويىچە بىر-بىرىگە تازىم ياندۇرۇشقاندىن كېيىن ئورۇنغا بېرىپ ئولتۇرۇشتى.

مەن ھېلىھەم تەئەججۈپلەندىم، تاقەتسىزلەنگەنلىكىمدىن، يېنىمدىكى داپەندىنى جەيىنىگىم بىلەن نوقۇپ «بۇ نېمە ئىش؟» دېگەندەك مەنا بىلەن ئۇنىڭغا ئىما قىلدىم، ئۇ يېنىمچە تىكىلىپ تۇرۇپ:

— قاسىم ئۇستام پەيزەخمەت بىلەن ئىزامىدۇننىڭ يارىشىش شەرىپىگە چاي ئۆتكۈزۈپ، پەيزەخمەتنى ياشلار سېپىگە قوشۇپ قويماقچى ئىكەن، — دېدى، قۇلۇغۇمغا. مەن شۇچاغدىلا ئىشنىڭ تېگىنى چۈشەندىم، كۆزلىرىم ئىختىيارسىز ھالدا، بايىقى ئىككى ئۇسۇلچى — پەيزەخمەت بىلەن ئىزامىدۇنلارغا تىكىلدى.

بۇ ئىككىسى تېخى خېلى يېقىنلارغىچە «بىر-بىرىسىنى يەۋەتسىمۇ دەردى چىقمايدىغان، زىددىيەتلىك رەقىپلەر» دەپ قارىلىپ كەلگەنلەر بولۇپ، ئارىدا بەزى-بىر ۋەقەلەر بولۇپ ئۆتكەنلىك تۈپەيلىدىن ئۆي ئىگىسىنىڭ ئوغلى پەيزەخمەت، بىزنىڭ ياشلار توپىمىزدىنمۇ ئايرىلىپ قالغان ئىدى. مانا ئەندى، بىر-بىرىگە قەدىناسلارچە ھۆرمەت ھېسسى يېنىپ تۇرغان ئوتلۇق كۆزلەر، ھاياجانلانغانلىقىدىن توختىماي سوقۇۋاتقان ئەشۇ جۇشقۇن يۈرەكلەرنىڭ شادىيانە تىنىق-لىرى، ئىلگىرىكى كۆزنى ئاداۋەتلەرنىڭ پۈتۈنلەي چىقىرىپ تاشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

مەن بۇ ئىككىسىنى ئويلىغانسېرى، كۆڭلۈمنى ئېلىپ قېچىۋاتقان خىيال لەگلەكلىرىم ئۇلارنىڭ ئارىسىغا ئاداۋەت ئۇرۇغىنى چاچقان، پەيزەخمەتنى بولسا ياشلار توپى قاتارىدىن ئايرىغان ئىشلار ئۈستىدە لەيلىمەكتە ئىدى....

(2)

ئىزامىدۇن بىلەن پەيزەخمەتلەر ئەسلىدە بىر مەھەللىدە تۇغۇلۇپ-ئۆسۈپ، ياكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەنگە قەدەر بىللە ئوقۇغان يېقىن دوستلاردىن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ مەكتەپتىن چىققاندىن كېيىنكى، تۇرمۇشتا تۇتقان يوللىرىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى، يېقىنچىلىقنى قاتماللاشتۇرۇپ قويغان ئىدى.

بۇ كۈنلەردە ئىزامىدۇن يېزا ئىتتىپاق ياچېيكىسىنىڭ مەدەنىيەت ئۆيىگە مەسئۇل ھەيئەت ئەزاسى بولۇپ، يېزا ياشلىرىنىڭ يېقىن دوستى ۋە تەشكىللىگۈچىسى ئىدى، ئۇنىڭ ئېتىز ئەمگىكىدىن بوشىغان ۋاقتىنىڭ كۆپ قىسمى ئەشۇ يېزا مەدەنىيەت ئۆيىدە ساز چېلىش، ئۇسۇل-ئويناش، كىتاب-گېزىت كۆرۈش ئىشلىرى بىلەن ئۆتەتتى.

لېكىن پەيزەخمەت، پۇرسەت تاپسىلا «بازار بەزمىسى»گە چاپاتتى، ئۇنى بۇ كويغا سېلىۋاتقىنى ئەنە شۇ بازاردىكى ئىچەر-مەن-چېكەرمەن ئالا-كۆچۈك ئاغىنىلىرى بولۇپ، ئىزامىدۇن بىلەن بولغان ئاداۋەتكىمۇ، ياشلار توپىدىن ئايرىلىپ قېلىشقىمۇ ئەشۇلارنىڭ ئۇچۇر تۇشلىرى سەۋەب بولغان ئىدى.

ئەشۇ كۈنلەردە ئىزامىدۇننىڭ ھازىرقى خۇ-

تۈلى خۇمارگۈل بىلەن مۇھەببەت ئىلمىشىپ يۈرگەن كۈنلىرى ئىدى، ئۇلار بىر-بىرىنى تولىمۇ ياخشى كۆرىشەتتى. خۇمارگۈل زىلۋا بويلۇق، يۈزلىرى تولغان ئالمىدەك كەلگەن ئاق پىشماق، قاراقاش، ئىسمى-جىسمىغا لايىق خۇمار كۆز، قوندۇزدەك قاپ-قارا، تومچاچلىرى يەللىگىنى بېسىپ چۈشكەن، سۈمبا تىلىق قىز بولغاچقا، مەھەللىدىكى بويتاق يىگىتلەردىن ئۇنىڭ ئۆتىدا كويىدا يۈرمىگىنى يوق دېيەرلىك ئىدى.

پەيزەخمەتمۇ ئەنە شۇ خۇمارگۈلگە ئاشىقلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنى كۆرگەنلا يەردە يان-بىلىكە قارىماي، ھايا سىز قىلىقلىرى بىلەن ئۇنىڭ ئالدىنى توراتتى. ۋەزاقدىن سوكەك چىققاندەكلا پوسكايتىپ، تويلىشىش توغرىسىدا گەپ ئېچىپ، ئالمىدىغان تويلىقى ئۈستىدە مەيدىسىگە مۇشلايتتى، خۇمارگۈل بولسا، ئۇنىڭ بۇ قىلىقىنى ياقتۇرماي، ئۇنىڭغا گەپ قىلغۇسى كەلمىگەنلىكىدىنمۇ، يا قىزلىق نومۇسىنىڭ زورىدىنمۇ ئەيتاۋۇر، لام-جىم دېمەستىن يول ئەگىپ ئۆتۈپ كېتەتتى. كېيىن بارا-بارا يېراقتىن پەيزەخمەتنىڭ قارىسىنى كۆرۈپ قالغۇدەك بولسا يول تاشاقاپ ئۆتۈپ كېتىدىغان، ئۇنىڭغا ئۇچرىشىشتىن قاچىدىغان بولۇپ قالغان ئىدى.

دەل مۇشۇنداق كۈنلەرنىڭ بىر كەچلىكى، بازاردىن يېرىم مەس ھالەتتە قايتىۋاتقان پەيزەخمەت، مەھەللىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتىدىغان تاش ئۆستەڭنىڭ غارا سۆگەتلىك بىلەن ئورالغان زاكوسىنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە ئالدىنى ئېقىۋاتقان سۇغا، كەينىنى يول تەرەپكە قىلىپ يانتۇ-يان ئولتۇرۇشقان خۇمارگۈل بىلەن نىزامىدۇننى كۆرۈپ قالدى-دە، پۈتۈن ئىچ-باغرى بىر تونۇر رەشىكئوتىدا پۇچۇلانغاندەك بولۇپ، ئۆتۈپ كەتتى. خۇمارگۈلنىڭ ئۆزىدىن قېچىپ يۈرۈشىنى ئويلىغاچقا: «ماڭا مەيلى بولمىسىمۇ نازلىنىۋاتىدۇ. قىز دېگەندە-قىزلىق نازى بولىدۇ-دە،» دەپ چۈشەنگەن پەيزەخمەتكە، بۈگۈن ئۇنىڭ نىزامىدۇن بىلەن يانمۇ-يان ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىۋاتقىنى قاتتىق ئەلەم قىلغان ئىدى. شۇئەسنادا ئۇنىڭغا كۆز-كۆز قىلغاندەكلا خۇمارگۈلنىڭ كاككۇكتەك زىل كۈلگەن ئاۋازى پەيزەخمەتنىڭ قۇلاقلىرىغا يېتىپ كەلگەندە، كۈندەشلىك سىغمايى قالغان كوكسىگە بىرسى بىگىز تىقىۋەتكەندەك بولدى-دە، «خەپ، توختا!» دەپ قويۇپ ئۆتۈپ كەتتى.

**(3)**

سىنتەبىرنىڭ ئوتتۇرلىرى، قاش قارايغان چاغ ئىدى، قايسىدۇر-بىر ئىلپەتنىڭ ئويىدە قوقانىنىڭ ئىسمىنى يۇتۇپ چىققان پەيزەخمەت ۋە ئۇنىڭ بازارلىق 2-3 ھەمدەمى چوڭ يولدا كېتىۋېتىپ، قولتۇقىغا ئىسكىروپكىسىنى قىستۇرۇپ، قاياققىدۇ كېتىۋاتقان نىزامىدۇنغا يولۇقۇپ قالدى. بىر قاراشتىلا پەيزەخمەتنى تونۇۋالغان نىزامىدۇن، ئۇنىڭ يەنىلا چۈشكۈنلۈك يولىدىن يانمىغانلىقىغا ئېچىنغان ھالدا، ئۇنى ئۆزى بىلەن ئېلىپ كېتىپ، يەنە بىر قېتىم تەربىيە بېرىپ كۆرۈشنى ئويلىدى.

—پەيزەخمەت نەگە كېتىۋاتىسىلەر؟

—نېمە چاتىقىڭىز؟—دېدى تۇرغانلاردىن بىرى. پەيزەخمەت ئىچىپ بولغىچە.

—مەن سىلەرگە گەپ قىلمىدىم.

—بىزمۇ سىزدىن گەپ سورىمىدۇققۇ؟—دېدى مەس تۇرغان پەيزەخمەت، ئۇنىڭ بۇ سۆزى نىزامىدۇنغا قانچىلىك قاتتىق تۇيۇلسىمۇ، لېكىن پەيزەخمەتنى بۇ تۈيۈق يولدىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىشنى ئويلىغاچقا نىزامىدۇن يەنە ئېغىز ئاچتى:

—بوپتۇ، سەن گەپ سورىمىغان بولساڭمەن سوراپتىمەن، سورىغاندا ئەيىب يوق، يۈرمەشەرەپكە بارايلى.

—مەن مەشرەپكە بارمايمەن.

— يۈرسەڭچۇ!—دېدى نىزامىدۇن يەنە زورلاپ.

— ھەجەپ بۇدۇشقاقتەك ئىسادەمكەنغۇ، بۇ — دىدى بايا نىمزامىدۇنغا ھۇرپەيگەن ياش.

— ماڭە يولىمىزغا كىتمۇدرە يىلى. ئۇلار پەيزەخمەتنى تارتقانچە ئارىغا ئىلىپ كىتىپ قالدى. پەيزەخمەتنىڭ ئەشۇ بىر بۇلۇك ئەخلاقسىز ياشلار تەرىپىدىن بۇزۇۋىتىلگەنلىگىنى پەملىگەن نىمزامىدۇن، ئۇنىڭ بىلەن بولغان سوھبەتنى قاسىم ئاخۇن ئۇستام بىلەن بىرلىكتە ئولتۇرۇپ داۋاملاشتۇرۇش ئويى بىلەن ئالغا قاراپ كەتتى.

ئۇلار ئايرىلىپ ئونبەش-يىگىرمە مىنوت چەۋاقىت ئوتكەن ئىدى. ئۇيانلاغا يىلاپ، بۇيانلاغا يىلاپ كىتىۋاتقان پەيزەخمەتلەر، چوڭ كول بىشىدىكى بۇككىدە شاخلاپ كەتكەن تالسۇگەتنىڭ ئاستىغا كىلىشكەندە، ئالدى تەرەپتىن بىر ئايالنىڭ پەس تاۋۇشتا قانداقتۇ بىر ئاھاڭغا غىڭشىپ ئىيتىۋاتقان ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى.

— خۇمارگۇل، — دىدى پەيزەخمەت شىۋىرلاپ كەيىندىكىلەرنى توختىتىپ، ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرىغا نىمىدۇر پىچىرلىغاندىن كىيىن، ئاغىنىلىرى ئۇزىنىچە تكە ئىلىشتى، پەيزەخمەت بولسا، يولنىڭ ئوتتۇرىسىدىلا «كوكرەك كىرىپ» خۇمارگۇلنى كۇتۇپ تۇراتتى.

ئالدى تەرەپتە بىرسىنىڭ قاراپ تۇرغانلىقىنى كورۇپ، ئۇنى ئىنىق پەرق ئىتەلمىگەنلىگىدىن «نىمزامىدۇن مىنى كۇتۇپ تۇرغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىغان خۇمارگۇل ئۇنىڭغا يىقىنلاپ كىلىشىگە، ئاللىقاچان تەييار بولۇپ تۇرغان پەيزەخمەتنىڭ قوللىرى، خۇمارگۇلنىڭ بىلىگىنى قاماللاپ بولغان ئىدى.

— ۋىيەي، نىمانداق قىلىسىز؟ — ئۇ دەسلەپ پەيزەخمەتنى تونىمىغان ئىدى، كىيىن ئۇنىڭ كەندىر پۇرىقى بۇرخسۇپ تۇرغان كولكىسىنى ئاڭلىغاندا، ۋۇجۇدىدا ئادەتتىن تاشقىرى بىرخىل نەپرەت تۇيغۇسى داۋالغۇپ كەتتى.

— قويۇۋەت! ئادەمنىڭ ئەسكىسى.

— قويۇۋەت؟ قويۇۋىتەمىش تىخى — دىدى بار-غانسىرى خۇدىنى يوقاتقان پەيزەخمەت، — بۇگۇنغۇ راستىگىمىزنى ئىيتارسىز؟

— ساڭا ئىيتىدىغانغا، راستىگەپ توگۇليالغان گىپىمۇ يوق مىنىڭ!

— خۇمارخان، ئادەمگە ئىچىڭىز ئاغرىسۇن، ئىيتىڭا، بىززادى قاچان توي قىلىمىز؟

— ۋاي خۇدىنى بىلمىگەن بىچارە، — دىدى خۇمارگۇل مەسخىرە ئارىلاش، — سەن بىلەن توي قىلىشنى كىم قويۇپتۇ؟ ئەقلىڭ بولسا، ئوز خىلىڭدىكىنى تاپ!

— ئەگەر قوشۇلمايدىغان بولساڭ، — دىدى پەيزەخمەت ھەيۋە قىلىپ، ئەجىلىڭ مىنىڭ قولۇمدا!!

ئۇنىڭ بەت قىلىقىدىن يىرىلغۇدەك غەزەپكە كەلگەن خۇمارگۇل، ئاچىيىپ بىرغا يۋانەجاسارەت بىلەن پەيزەخمەتنىڭ كاچاتلىرىغا «تاراس-تۇرۇس» قىلىپ ئىككى تەستەك سىلىۋەتتى-دە، ئۇنىڭ قولىدىن چىققىنىچە كىتىپ قالدى. بۇ چاغدا كەينى تەرەپتىن كىلىۋاتقان ۋە ئاياق تاۋۇشىنى ئاڭلاپ قالغان پەيزەخمەتمۇ، ئەگىمنى سىلىغىنىچە كوزدىن غايىپ بولدى...

بىر نەچچە بولاي دەپ قالغان چاغ، بىر قەدەم ئىلگىرىدىكى نەرسىنىمۇ پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان ئاي قاراڭغۇسىدا، مەشرەپتىن يانغان كىشىلەر ئۇي-ئۇيلىرىگە تارىماقتا ئىدى. ھىلىلا، خۇمارگۇلنى ئويىگە ئاپىرىپ قويۇپ قايتقان نىمزامىدۇنمۇ ئوز ئويىگە قاراپ كىتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئويى مەھەللىنىڭ باش تەرىپىدە بولۇپ، ھەرقىتىم يولنىڭ يىرىمىنى يالغۇز مىڭىشقا مەجبۇر ئىدى. ئۇ، تۇۋەن تەرەپتىكى كونا ئېرىق يارلىقىدىن ئوتىۋاتقاندا، ئارقا تەرىپىدىن ئۇشتۇمتۇت كىلىپ تەككەن بىر دۇمبا زەربىدىن بىشى ئايلىنىپ، كوزلىرىگە گويا بۇگۇنكى تۇن قاراڭغۇلىقىدىنمۇ دەھشەتلىكرەك بىر قاراڭغۇلۇق تىقىلغاندەك بولدى-دە، ھۇشىدىن كىتىپ يىقىلدى. ئۇ، پەيزەخمەت ئىلىپ بولۇپ قالغان ھىلىقى 2-3 ئازغۇن ياشنىڭ

ۋەس-ۋەسىگە سېلىشى، «مازامەن» دەپ مەيدىسىگە مۇشتلاپ چىقىشى نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان ئاخىرقى يامان ئاقىۋەت ئىدى.

بۈگۈن قاسىم ئاخۇن ئۇستامنىڭ قولى ئىشقىمۇ بارمىدى. ئۇ، مەھەللە كىشىلىرى ئىچىدە ئۆز يۈزىنى سۇرۇن قىلىۋاتقان ئوغلى پەيزەخمەتنىڭ ھالاكەتلىك تەقدىرىنى ئويلىغىنىدا باشتا ئۇنى چىڭراق تۇتۇپ تەربىيىلىمىگەنلىكىگە، ئۇنىڭ جەمىيەتتىكى باردى-كەلدى مۇناسىۋەتلىرىدىكە ئېتىۋارسىز قارىغانلىقىغا قاتتىق ئېچىنىپ، ئويلىغانسېرى تىت-تىت بولاتتى. ئۇ ئۇدۇلدىكى كارۋات ئۈستىدە، يەردىن ئۈستۈن قارداي تاتىرىپ ئولتۇرغان پەيزەخمەتكە ھەر بىر قارىغاندا، ئۇنى چاينىپ-پۈركىۋەتكۈسى كېلەتتى. لېكىن ئاچچىق دېگەن ئاچچىق. ئۇ ئىنىڭغا تايىنىپ ئىشنى پۈتكۈزگىلى بولمايتتى. شۇڭا قاسىم ئاخۇن ئۇستام ئۇنىڭغا بۇ يامان ئاقىۋەتنى ئاچچىقساۋاق قىلىپ تۇرۇپ سەۋىرچانلىق بىلەن نەسىھەت قىلىش قارارىغا كەلدى. ۋەشۇندىن ئېتىۋارەن گەپنىڭ قاپىيىسى كەلگەن زامان، پەيزەخمەتنىڭ قىلغان، ئەتكەن ھەر بىر ئىشلىرىنى ئەسلىتىپ، ئۇنىڭ ئىدىيىدە بۇرۇلۇش ياسىغاندىن بىرى ھەممە كىشىنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ قالغانلىقى، ياشلار توپىدىنمۇ ئايرىلىپ قالغانلىقلىرىدىن باشلاپ؛ 3-4 يەرگە ئەلچىلىككە بارغان بولسىمۇ ئۆزىنىڭ ئىسمى چىقىش بىلەن قىزلارنىڭ ھەممىسى دات-پەرياد چېكىپ يېقىن يولىمىغانلىقلىرىغا قەدەر ھەممە ئىشلارنى بىردىن-بىر ئالدىغا يېيىپ تۇرۇپ تەنبىھ قىلدى.

چاچساقاللىرىغا ئاق سانجىشقا باشلىغان دادىسىنىڭ ئۆزىگە نەسىھەت قىلىۋېتىپ، ئۇنىڭ بەزى قىلىقلىرىغا ئېچىنغانلىقىدىن، ئىختىيارسىز كۆز يېشى قىلىۋەتكەن ۋاقىتلىرىنى كۆرگەن پەيزەخمەتتە، ئاستا ئويغىنىش ھېسسىياتلىرى پەيدا بولۇپ، ئۆزىنىڭ ھەققەتەن ئېزىپ كەتكەنلىكى، تېگى يوق ھالاكەتلىككە كېلىپ قالغانلىقىنى سەزگەندەك بولدى...

كۆزلەرنىڭ بىرىدە، پەيزەخمەت دادىسى بىلەن تاققا ياغاچ كۆمۈرى كۆيدۈرگىلى باردى. ئۇ، ئۆزى يالغۇز، خېچىر قوشۇلغان پىكاپ چاقلىق ھارۋىسىنى ھەيدەپ كۆمۈر ئېلىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ، تاغ يولىنىڭ داۋىنىدىن پەسلەيدىغان يانتۇ يولغا كەلگەندە، ئۇشتۇمتۇت تېزلەپ كەتكەن خېچىر ھارۋىنى ئېلىپ تۆۋەنگە ئۇچقاندەك چۈشۈپ كەتتى-دە، بىخەسلىكتە قالغان پەيزەخمەت كۆزنى ئېچىپ بولغىچە ھارۋا داۋاننىڭ يېرىمىغا بېرىپ بولدى. بىر چاغدا داۋان ئاستىدىن تۈزلەڭگە يېقىنلاشقاندا، چوڭ قورامىغا ئۇرۇلغان ھارۋا شۇ يەردىلا قاپلىشىپ قالدى. بىر ھازادىن كېيىن، تەرلەپ-تەپچىپ كەتكەن پەيزەخمەت ھارۋىنىڭ يېنىغا كەلگەندە، خېچىرنىڭ بوينى ئۆزىنىڭ ئاستىدا قاتلىشىپ قالغان پېتىچە قىمىرلىماي ياتاتتى. ئۇ، تاغارلارنى چۈشۈرۈپ، مىڭ بىر تەسلىكتە خېچىرنىڭ ئۇلىگىنى ھارۋىدىن بوشاتتى. ئاندىن ھارۋىنى قاپلىشىپ قالغان تاشتىن چىقىرىۋېلىشقا تەمشىلىۋىدى، ئالدىدا گويا ئاسماندىن چۈشۈپ قالغاندەكلا پەيدا بولۇپ قالغان نىزامىدىننىڭ بىر توپ چاكاندىغا ئېتىنى باغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى، ئەسلىدە ئۇ، تاغدىكى چارۋىچىلارغا يېڭى كەلگەن ھۆججەتلەرنىڭ روھىنى يەتكۈزۈشكە كېتىۋاتاتتى.

شۇ ئەسنادا، قولى ئىختىيارسىز ھارۋىدىن ئاجراپ كەتكەن پەيزەخمەت ئېغىزىنى ئاچقىنىچە داڭقېتىپ قالدى. ئۇنى سۇر باسماقتا ئىدى. ئۇ: «ئەمدى تۈگەشتىم، نىزامىدۇنغا بۇنىڭدىنمۇ قولاي پۇرسەت نەدە بار؟ ئەلھۆكمىللا! كورگۇلۇكۇم بار ئىدى» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقاندا، نىزامىدۇنمۇ ئۆزىگە قاراپ كەلمەكتە ئىدى.

—ئاپلا، خېچىر ئۆلدىمۇ؟ ئىست، يامان بوپ-

تۇ-دە، بۇجىنى تارتىپ ماڭىغا نېمىدىك؟

ـ تارتىپ ماڭغان، بىراق......ئۇ نىزامىدۇنىڭ ئۆزىگە تاشلىنىش ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ چىرايىدىن ئۆزىگە نىسبەتەن ئىچ ئاغرىتىش، بولغان زېمىنىغا خورسىنىش ئالامىتى چىقىپ تۇرغان ئۇچۇق كوڭلىنى كورگەندە، ئۆز كوزلىرىگە ئۆزى ئىشەنمەي قالدى ۋەنىمە دېيىش-نىمە قىلىشىنى ئۇنتۇغاندەك بىر خىل گاڭگىراش ئىلكىدە قالدى.

ـ كەل مەن ياردەملىشەي،-دېدى نىزامىدۇن ۋە ھارۋىنى سورەپ تۆزلەڭگە چىقىرىشىپ بەردى. بۇ چاغدا كۇن خېلىلا قىيىلغان بولۇپ، كەنتكە تېخى 10 پوتەي بار ئىدى. پەيزەخىمە تىنىڭ ھېلىھەم زۇۋانى گەپكەكەلمەيتتى. نىزامىدۇنىڭ بۇ كۇتۇلمىگەن خەيرى-ھالىغىدىن ھەيران بولۇپ، كوڭلى بىر ئاز جايىغا چۇشكەندەك بولغان بولسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ تۇساتتىنلا ئۆزىگە يۇپۇرلۇپ كېلىپ مۇش سېلىشىنى خىيالەن كوز ئالدىغا كەلتۇرەتتى. ئەمما نىزامىدۇن بولسا، خۇددى ئۆز ئىشىنى قىلىۋاتقاندەك ھارۋىنىڭ توش-قوشقۇنلىرىنى تۇزەشتۇرۇۋەردى. ئاندىن مىنىپ كەلگەن ئېتىنى يېشىپ كېلىپ:

ـ بۇل، تاغارلارنى تەييارلا، كۇن پاتماستىن بۇرۇن تاغدىن چۇشۇپ كەتمىسەك چاتاق بولىدۇ، -دېدى ۋە ئاتنى ئىگەردىن ئاجرىتىپ ھارۋىغا قېتىشقا كىرىشتى.


ـ بۇ... ...بۇ قانداق بولىدۇ؟ سىزچۇ؟

ـ ھېچ گەپ يوق، مەن داۋانغا چىقىۋالسام، قويچىلارنىڭ گەممىگە يېتىۋالىمەن، سەن ئېلىپ كېتىۋەر- دېدى ئۇ ۋە ھارۋىنى قېتىپ بولۇپ تاغارلارنى تىڭشىپ بەردى.

ئۇلار يولغا چۇشۇش ئالدىدا، چىرايىدىن مېھرىۋانلىق نۇرلىرى بالقىپ تۇرغان نىزامىدۇن پەيزەخىمەتكە قاراپ «يولدا ئېھتىيات بولۇپ ماڭ، خەيرى خوش!» دەپ قولىنى كوتەرگەندە، تېخىچە ئورنىدىن قوزغالماي تۇرغان پەيزەخىمەتنىڭ پۇتۇن ۋۇجۇدىنى ۋىژدىندا بىر دولقۇن يېغى باستى-دە، ئىختىيارسىز، نىزامىدۇننىڭ ئايىغى ئاستىغا ئۆزىنى تاشلىدى.

ـ نىزامىدۇن! مېنى كەچۇرگىن دوستۇم... ئۇ گەپ بىلەن تەڭلا ئۇنسىلىپ يىغلىۋەتتى.

ـ ئۇنداق قىلما،-دېدى نىزامىدۇن ئۇنى يولەپ تۇرۇپ ۋە-مەن ھېلىمۇ سىنىڭ، مەھەللىمىزدىكى ئەل قويىنىغا، ياشلار توپى ئىچىگە قايتىپ كېلىشىڭنى ئۇمىت قىلىمەن!



دېگەننى قوشۇپ قويدى. بۇ ئاخىرىقى بىر جۇملە سوز، نىزامىدۇننىڭ پەيزەخىمەتكە تۇتقان پوزۇتسىيەسىنىڭ ئەڭ روشەن ۋە سەلتەنەتلىك ئىپادىسى ئىدى!

شۇ تاپتا پەيزەخىمەت، خۇددى چوچەكلەردىكى ئاق كوڭۇل پەيغەمبەرگە يولۇققانغا يۇۋانە ئادەمدەك، تەسۋىرلەپ بەرگۇسىز بىر خىل ھاياجان ئىلكىدە تۇرماقتا ئىدى. ئۇ، بىردەم نىزامىدۇننىڭ چوغدەك لاۋۇلداپ تۇرغان يۇزىنى كورگەندەك بولسا، بىردەم

# تەسرات ئۇچقۇنلىرى

قادىر تۇردى

## گۇل

گۇلگە ئوخشاش دەيدىكەن،
گۇزەللىكنى خالايىق.
مەنمۇ دەيمەن زوق بىلەن،
گۇل ئاجايىپ چىرايلىق.

چۈنكى سۇزۇك، تـاپ-تازا،
قاتلىرىدا دېغى يوق.
پۇچۇلىسىمۇ، خوشپۇراق،
چاچمايدىغان چېغى يوق.

شۇڭا گۇلنى قۇلاققا
ئەتىۋالاپ قىسىمىز.
قەھرىمانلار شەنىگە،
دەستە قىلىپ تۇتىمىز؛

ياخشى كورگەن نەرسىگە،
نەقش قىلىپ ئويىمىز؛
قۇربانلارنىڭ قەبرىگە،
گۇلچەمبىرەك قويىمىز؛

گۇلنى ئېلىپ تەشتەككە،
مۇنبەرلەرگە تىزىمىز؛
توۋارلارنىڭ بېتىگە،
ئوچمەس قىلىپ سىزىمىز.

گۇلنى سويەك سەنمۇ ھەم،
گۇلدەك خىسلەت ياراتقىن.
شەرەپ كەلتۇر ۋەتەنگە،
شوھرىتىنى تاراتقىن.

---

خۇمارگۇل باشلىق پۇتكۇل يېزا-قىز-يىگىتـ-لىرىنىڭ ئوزىگە ئىللىق چىراي بىلەن كۇلۇمسىرەپ تۇرىۋاتقان، قۇچاقلىرىنى كەڭ-كەڭ ئېچىپ، ئوز قوينىغا چىللاۋاتقان ھا-لىتىنى كورگەندەك بولماقتا ئىدى...

ئۇلار قول سىقىشىپ ئايرىلىشتى. پە يـ-زەخمەت ئۇچقاندەك كېتىۋاتقان ئات ھار-ۋىسى ئۇستىدىن كەينىگە قايرىلىپ قارى-غاندا، ئاللىقاچان داۋان چوققىسىغا يامى-شىپ بولغان نىزامدۇن، ئوزىگە قاراپ تۇ-راتتى. ئۇ، خېلى ئۇزۇن-غىچە نىزامدۇنغا قاراپ ماڭدى. تاكى ئۇنىڭ قارىسى كوز-گە ئىلىنمىغان چاغدىلا ئاندىن ئالدىغا قا-راپ ئاتقا قامچا سوقتى...

x x

ئوغلىدىن بۇ ئاجايىپ ۋاقەنى ئاڭلىغان قاسىماخۇن ئۇستامىنىڭ شاتلىقىدىن ئۇدابىر قانچە كېچىگىچە ئۇيقۇسى كەلمىدى. ئۇنىڭ قەلبىدە، ئوز ئوغلىنىڭ ئەل توپى ئىچىگە قوشۇلۇش ئۇمىدىنىڭ مۇقەددەس چىرىغى يانماقتا ئىدى! ئوغلىنى ئاق كوڭۇل يېزا ياشلىرىنىڭ قايناق ھاياتلىق توپى ئىچىگە ئەمدى قوشۇپ قويۇشنىڭ پۇرسىتى پىشىپ يېتىلگەنلىگىدىن چەكسىز خۇرسەن بولغان قاسىم ئاخۇن ئۇستام، ئەتىسىگە نىدىلا مەشرەپ-چىلەرگە بۇ تەكلىپنى ئۇقتۇرۇپ، مەخسۇس چاي تەييارلىغىلى چۇشكەن ئىدى...

## يىلتىز

ئوزۇق بېرەر يىلتىزلار،
بارچە گۈلگە- چېچەككە.
ئوزى يەرنىڭ تەكتىدە،
موكۇپ ياشار ئەبەتكە.
رەڭ ئىزلىمەس ھوسنىگە،
مىننەت قىلماس ئەجرىگە.
خىزمەت قىلار غىڭ دېمەي،
دوستلىرىنىڭ بەختىگە.
گۈل-گىياني ياشناتقان،
يىلتىزلارنىڭ ھىممىتى.
توھپە قاتساڭ يىلتىزدەك،
ياغار كوپىنىڭ رەھمىتى.

## دوسكا

ساۋاق بېرەر ئۇستازلار،
شاگىرتلارغا دوسكىدا.
نەچچە ئەۋلات يېتىشەر،
ئوقۇپ مۇشۇ نۇسخىدا.
سائىتىگە شۇ دوسكا،
نەچچە توشۇپ ئوچىدۇ.
يازغان بىلىم دوسكىدىن
تەشنا دىلغا كوچىدۇ.
مەرىپەتنىڭ يولىدا،
تەقدىم ئۇنىڭ بارلىغى.
مەنمۇ شۇنداق ئىشلىسەم،
ئارمىنىمنىڭ قانغىنى.

## توغراق

كوزۇم چۈشتى توغراققا،
چول قوينىدا ئويغاققا.
ھەمرا بولۇپ ياشايدۇ،
چولدە ئانا تۇپراققا.
كار قىلالماس شىۋىرغان،
يىقىتالماس بورانمۇ.
ئۇنىڭ قەيسەر بەستىدىن،
قورقار توپا - توپانمۇ.
مۈشكۈللەرنى يېڭىشتە،
قىممەت ئۇنىڭ خىسلىتى.
ئۇ خىسلەتتىن كېلىدۇ،
ئىنسان قەدرى-قىممىتى.

## يۇلغۇن

قاراپ-قاراپ تويماي مەن،
چېچەكلىگەن يۇلغۇنغا.
چېچەكلىرى ئوخشايدۇ،
شايى، ئەتلەس، دۇردۇنغا.
چوڭقۇر كەتكەن يىلتىزى،
قۇرغاق بىلەن ئېلىشىپ.
قاقاس چولدە گۈللەيدۇ،
بوران بىلەن چېلىشىپ.
تالاشمايدۇ گۈلباغنى،
جاڭگاللىغا ئۇ پەرۋانە،
شۇ يۇلغۇندەك چوللەرنى،
كوكەرتسەم نە ئارمان-ھە؟

# ئىككى شېئىر

تۇرغۇن ئوبۇلقاسىم

## ياشلىقىم

ياندى چاراقلاپ سۇبھىدە گويا كى چولپان ياشلىقىم،
لەززەت سۈرۈپ بەخت ئىلكىدە ئۆرماقتا خەندان ياشلىقىم.

پۈتتى گۈدەكلىك، چوڭ بولۇپ، تالەي-پىشانەم ئوڭ بولۇپ،
ئەمدى نەھاجەت «توڭ» بولۇپ يۈرمەككە ھەريان، ياشلىقىم.

ئىمكان قۇچاقلاپ ياپرىدىم، بۇلبۇل بولۇپ شات سايرىدىم،
ھەر كۈن مېنىڭ ھېيت-بايرىمىم، كۈلدۈردى دەۋران، ياشلىقىم.

شۇڭلاشقا ئوستۇم شوخ-تىمەن، ئەجرىمدە بولدى يۇرت چىمەن،
ۋىژدانى ئەھدىم مىڭ-تۈمەن قۇچماق شەرەپشان، ياشلىقىم.

كۆڭلۈم خوشالدۇر-بىغۇبار، پەللە-نىشانغا دىل خۇمار،
يەتمەك ئۇنىڭغا چىن قارار ئەيلەيدۇ جەۋلان ياشلىقىم!

## سۆھبەت

سوراپ قېلىپ بىر دوستۇم:- چىن سۆيگۈنۈڭ كىم؟- دېدى،
- دېگىن دەيمەن، نېمىشكە ئولتۇردىسەن جىم؟!- دېدى.
- ھا ياتىمدا يۈرەكتىن چىن سۆيگۈنۈم پەن،- دېسەم،
- سەنمۇ مېنىڭ دوستۇمۇ، يالغان ئېيتتىڭ، ھىم!...- دېدى.

سۆزلەپ كەتتى تىرىكىپ:- يارىڭ قايسى قىز؟- دېدى،
مەن گەپ قىلاي دېگىچە،- بىلىپ بولدۇق بىز!...- دېدى.
بايا ئېيتقان سۆزۈمنى تەكرارلىغام خوش كۈلۈپ،
چىرايىنى تۈرتتى-دە:- ئىسمىنى ئېيت، تېز!- دېدى.

- ئىسمى كىتاپ،- دېدىم،- ئۇ، مەڭگۈ ماڭا يار!- دېدىم،
- ئۇڭا ئىشقىمنى بەرمىگەن بولۇر بىر كۈن خار!- دېدىم.
شۇئان تۇرۇپ ئورنىدىن، كەتتى ماڭا قارىماي،
- پەننى سۆيمەس كىشىنىڭ يولى ئەبەت تار!- دېدىم.

ئۆزى كەلدى بىر كۈنى،- خوشاللىغۇ سەن، كەل!،- دېدىم،
ئەيىپلىمىدى ئۆزىنى ...،- چۈشۈنۈپسەن دەل!- دېدىم.
دېدى:- پەننى يارتۇتۇپ، پەس ھەۋەسنى تاشلايمەن...
- بولساق پەنگە ئىنتىزار، ئارزۇ ئارمان ھەل!- دېدىم.

# ھەركۈنى بايرام...

ئابدۇللا ناسىر

— ئۆزدادا، دېگىنە، بۈگۈن بايراممۇ؟
دېدى-دە، تىكىلدى ئاغزىمغا قاراپ.
— ياق قىزىم، -دېدىم مەن ئويلاپ تۇرما يلا،
بايرامنى قانداقچە قالدىڭ سەن سوراپ؟

— ئەمىسە نېمىشكە ئانام بىزلەرگە،
بايراملىق كىيىمنى كېيگۈزۈپ قويدى.
ئەتىگەن سۈت-قايماق، چۈشتە-ئاش-مانتا،
قوساقلار تويغىچە يېگۈزۈپ قويدى؟...

قاھ-قاھلاپ كۈلدۈم مەن ئامراق قىزىمنىڭ
قالغاچتەك ۋىچىرلاپ كەتكەنلىرىگە،
دەۋردە يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەرنىڭ،
مۇنچىلىك تەكىتىگە يەتكەنلىرىگە.

قىزىمنىڭ سوئالى چۈمدۈردى ئويغا:
ھە، راستىمن تۇرمۇشتا ئۆزگىرىش تولا،
قىزىمغۇ كۆرۈپتۇ كىيىم-تاماقنى،
ئەمەسقۇ يىگىلىق پەقەت مۇشۇلا:

توت ئاپەت يوقىلىپ، جاھان ئوڭشىلىپ،
دېخانغا كۈن چىقتى (بىلگەن ئادەمگە.)
ھەر ئۆيدە تەل بۈگۈن ئاشلىق، كىيىم، پۇل،
دېخاننىڭ شاتلىقى سىغمايدۇ تەنگە.

ئىشلىگەن چىشلىدى، ئاشتى دارامەت،
چارۋامال، ئۆي قۇشى باقتۇق يەتكۈچە.
باغ-ۋاران يەتكۈزدۇق، ئوخشىدى مىۋە.
قول ھونەر قىلدۇق ھەم بىكار ياتقىچە.

ئىشلىگەن بىرچاغلار مۇشۇ ئېتىزدا،
قوساق ئاچ ۋە لېكىن شۇئارلار ياڭراق.
«ۋەزىيەت چوڭ ياخشى، بازارلار ئاۋات»
سوزلە يتتۇق «ئۆتۈق زور، ئىستىقبال پارلاق»

قەرزدە چىقاتتۇق يىلنىڭ ئاخىرى،
بالىلار ئاچ- يېلىڭ، ئوتكەن تەلمۈرۈپ.
سورىسا ياخشىراق كىيىم، تاماقنى،
بەرمە يتتۇق «بايرامنى كەلسۇن» دەپ يۇرۇپ.

مواپىلىق ئېپكەلدى يېڭى سىياسەت،
قەددىمىز رۇسلاندى بول دېگەچكە باي.
شەھەرمۇ، يېزىمۇ بولدى باياشات،
قازانماي، چۈمۈچماي، ئېغىز- بۇرۇنماي.

قارايمەن شۇتاپتا دىلىم سويۇنۇپ،
توت بالام ئۈستىدە يىپ-يېڭى كىيىم.
زاماندىن رازى بوپ ھەتتا بالىلار،
ئوسمەكتە شوخ، تېمەن، ئوماق بىجىرىم...

چۈشەندىم جان قىزىم مەن بىرەي جاۋاپ،
ئۇلۇغۋار ئېلىمدە ھەركۈنى بايرام.
پارتىيەم بىزلەرگە بەردى ھورھايات،
بەختىمىز كۈلمەكتە، يولىمىز داغدام

# سويما

ئەسقەر مەمتىمىن

كوزگە ئىلماي، چاغلاپ بەك كىچىك،
توڭ سويىمغا ئوخشاتتىڭ مېنى.
بۇپتۇ، ماقۇل، «سويما» مۇ بولاي،
«سويما» دىن گەپ ئاڭلاپ باق قېنى:

سويما دېگەن چۈشەر پىلەكتىن،
(پىلەكتىكى سېرىق چېچەكتىن.)
ئوزۇق ئالار زېمىندىن- يەردىن،
ئوزۇق ئالار ئېتىز-چۆنەكتىن.

سەۋرى قىلساڭ بۈگۈنكى سويما،
ئەتە قوغۇن بولىدۇ تاتلىق.
«سويما» دېسەڭ رەنجىمىدىم ھېچ،
يۇرۇگۈمدە قوزغالدى شاتلىق.

# يۇرتۇمدا توي

ئامىنە تۇردى

تاڭ سەھەر، ھەممە ياق پۈركۈنۈپ نۇرغا،
ئالتۇنرەڭ لىباسنى كەيگەن دالا-تۈز.
زوقلىنىپ قارىدىم يۇرتۇم باغرىغا،
ئۇ- سېخى بەركەتلىك ۋە · شۇنچىلىك ئۈز.

زەپ ئېسىل بىر تۇسكە كىرگەن شۇ تاپتا،
مول، سېخى كەچكۈزدە ئالتۇنرەڭ ئوتلاق.
«تول ئېلىش جېڭىنىڭ ماھىرى بىز» دەپ،
بەختىيار مالچىلار ئېيتماقتا قوشاق.

خامانغا ئالتۇن چەش دۆگىلەندى تاغدەك،
ياقۇتتەك قىپ-قىزىل نۇردا تاۋلىنىپ.
ئىشلىگەچ ياش-قېرى زوق بىلەن تىنماي،
قىممەتلىك ۋاقىتنىڭ قەدرىنى بىلىپ.

كۈمۈشرەڭ چېچەكلەر ئىچىدە شۇدەم،
ئاق پەرتۇق تارتقان قىز ئۈزمەكتە مازا.
ئۆتمەكتە چوڭ يولدىن خۇددى كارۋاندەك،
ئاق ئالتۇن بېسىلغان ھارۋا-ماشىنا ...


كەچكۈزنىڭ بۇ گۈزەل سالقىن كۈنىدە،
كۆڭلۈمگە تاڭدىمەن شۇنداق بىر ئويىنى:
«ياركەلسە چېگرىدىن، ھوسۇل تويىغا-
جۆر قىلىپ ياڭراتساق مەردانە كۈينى».

# ۋەتەن ئىشقى

مىجىت تاش

«سېنىڭكىم سۆيگۈنۈڭ؟...» دېسەڭ، ۋەتەن دەيمەن جاۋاپ ئەيلەپ،
ۋەتەندە ياشىمىدىم، دوستۇم، جامالىنى تاۋاپ ئەيلەپ.
ئۇ، ئۆز باغرىدا-مېھرىدە تالاي باتۇرنى چوڭ قىلدى،
بوران-چاپقۇننى مەنسىتمەس شىجائەتلىك كاراپ ئەيلەپ.
مېنى ئۇ پەرۋەرىش قىلدى، ئەقىل، سۆيگۈ، غۇرۇر بەردى،
ئۇنى قوغداشقا تەييارمەن رەقىپلەرنى خاراپ ئەيلەپ.
يۈرەكدە يەمەن، جىگەردە يەمەن، ئېسىل كۆز گۆھىرىمدە يەمەن،
ئۇنى گۈللەشكە تەييارمەن، نىشان-مەنزىلنى پات ئەيلەپ.
ۋەتەن ئىشقىدا پەرۋانە بولۇپ جەڭگاھقا چۈشمەككە
مېنى ئۈندەيدۇ پاك سۆيگۈ يۈرەكىمنى كاۋاپ ئەيلەپ.
يېڭى ئۆزۈن سەپەر جەڭگاھىدا بۈرچۈمنى ئاقلايمەن،
قۇچۇپ شان، ئەلنى، يۇرتۇمنى-ۋەتەننى خۇرسەنت-شات ئەيلەپ.

# يەر ئىگىسى



(ھېكايە)

مەتقاسىم ئابدۇراخمان

ئىشتىن قايتىپ ئۆيگە كىرگەندە يې-
زىق ئۈستەلىمدىكى كىچىككىنە بىر پارچە
خەتكە كۆزۈم چۈشتى:

«دوستۇم ناسىر، بۈگۈن كەچ سائەت يەت-
تىدە بىزنىڭ ئۆيدە زىياپەت، ئوچۇغىنى
ئېيتقاندا، يەر ئىگىلىرىنىڭ رايىغا بېقىپ
قىلىنىۋاتقان بىر «تىجارەت» بار، كېلىپ
دوستىڭغا داخىل، سودائۈستىدە ۋەكىل
بولۇپ تۇرۇپ بېرىشىڭنى ئۈمىت قىلىمەن.

1979-يىل × ئاي. ئەيسا.»

دوستۇم قالدۇرۇپ كەتكەن بۇ خەتنى-
نى خېلىلا گاڭگىرتىپ قويدى. زىياپەتقۇ
يەپ-ئىچىپ، كۆڭۈل ئېچىش بولسا كېرەك،
ئەمما تىجارەت، يەنە كېلىپ يەر ئىگىلىرى-
نىڭ رايىغا بېقىپ قىلىنىۋاتقان تىجارەت
دېگەن نېمىسى؟ ئۇ يەر سودىسى توغرىسى-
دا دارتىلاپ يېزىپتۇ؟.... مېنىڭ ئۇ سو-
دىغا نېمە مۇناسىۋىتىم بولغاي ؟.... بۇ-
گۈن ئۆيدە ئۇنچە ئالدىراش ئىشىممۇ يوق،
بېرىپ باقماي نېمە. مەن شۇ خىيال بىلەن
ئەيسانىڭ ئۆيىگە بېرىش قارارىغا كەلدىم.

× ×

مەن كەلگەندە مېھمانلارنىڭ كۆپى يې-
غىلىپ بولغان ئىكەن. ئۇلار بىلەن بىر-
بىرلەپ كۆرۈشۈپ بولۇپ، ئورنۇمدا ئولتۇر-
دۇمدە، ئۇزۇتۇلغان سىنچا يىنى ئوتلىغاچ، مېھ-
مانلارغا نەزەر سالدىم:

ھەممىسى دىگىنىدەك كەڭ قاسقانلىق، مۇۋىت تاشلىق تەلپەك، چىبەرقۇتتىن چاپان كىيىشمۇالغان بۇ ئولپەتلەر ماڭا تامامەن ناتونۇش كىشىلەر بولۇپ، قارىغاندا، يېزا كادىرلىرىدەك كورۈنەتتى.

ئوزلىرىنىڭ پارىڭىغا چوشۇپ كەتكەن مېھمانلارنىڭ ئايىغىدا- ئىككى ئوي ئارىسىدا پاي-پېتەك بولۇپ قاتراۋاتقان ساھىپخان بوگونكى ئولتورۇشقا قوامدابارىنىڭ ھەممىسىنى دوتىكىدىغاندەك تۇراتتى. ئو تەخسىلەرگە كەمپىت، پېچىنلەرنى تىزىش، بوشىغان پىيالىلارغا چاي قۇيۇش، داستىخانغا تەكلىپ قىلىش بىلەن ئاۋارە ئىدى.

—ھەجەپ ئىش-ھە،-دەپ ئو يىلىدۇم مەن،-مۇئاشى ئوئايدىن بۇئايغىچە ئاران-ئاران يېتىشىدىغان كوپ نوپۇسلۇق بىر ئائىلىگە بونچە كاتتا، ھەشەمىلىك داستىخان تەييارلاپ، مېھمان چاقىرىشىنىڭ نىمە زورۇرىيىتى بوپقالدىكىن؟...

ئىككى سائەتچە ۋاقىت ئوتتى. يان ئويدىن دىم يىگەن پولونىڭ ھىدىنىڭ ھىدى دىماققا ئۇرۇلمۇاتقىلى تىكەم، لېكىن، نىمىشقىدۇ داستىخان تارتىلمايتتى.

—مېھمانلارنىڭ ھەممىسى يىغىلىشىپ بولمىدىمۇ-نىمە، قارىغاندا، تازا ئىناۋەت تاپاي دىگەن ئوخشايسەن- ھە! شۇغىنىسى.... مەن ئەيىنىڭ قولىقىغا شوندان دىدىم ئاستاغىنە شىۋىرلاپ.

—زامان ساڭا باقمىسا، سەن زامانغا باق، دىگەن گەپ بار،-دىدى ئەيسا ئېغىر خورسىنىپ. ئايال-ئوششاقلىرىنىڭ ھەممىسى گوگىشى ئەزاسى. باللار چوڭىيىۋاتىدۇ. ئەما ئوينىڭ جوغ-جەمى ئارانلا ئىككى ئېغىز. نەچچە يىللاردىن بىرى دۇيكادىرلىرىغا ئوي-لۇك يەر توغرىسىدا ئىلتىجا قىلىپ ئاغزىنىڭ تېرىسى چۇشەيدىدى. لېكىن قانچە يېلىنسامۇ تىڭشايدىغانلار چىقمىدى. توغرا، بىر-ئىككى قېتىم ئو يىلىشىپ كورىدىغانلىقلىرىنى ئەيتىپ كوڭلۇمنى ياسىغانمۇ بولدى. ئەما گوڭشېنىڭ بوئىشقا مەسئۇل باشلىقى روشتەم شوجى تەستىقلىمىغانلىقتىن، ھەل بولمىغانمىش. لېكىن بوجايىغا دولەتكادىرلىرىدىن خېلى كوپ كىشىلەر كەڭ-كوشادە ھويلا-ئارامليق ئويلەرنى سېلىپ كوچوپ چىقتى. كېيىن ئىشىنىڭ تىگىگە يەتسەم، ئوي سېلىش ئوچون روستەم شوجىنىڭ كوڭلىنى ئوۋلاشقا-ئانچە-موئچە ئادىمىگەرچىلىك قىلىشقا توغرا كېلىدىكەن. شوڭا، ئامالىنىڭ يوقلىقىدىن دوستىخان يېيىشقا مەجبۇر بولدۇم.

شۇئەسنادا تاشقاقى ئويدىن ئەيسانىڭ ئايالىنىڭ:

—ئەيسا، روشوجى كەلدى،-دىگەن ئالدىراش ۋاقىرىشى ئاڭلاندى.

«روشوجى كەلدى» دىگەن ئاۋاز بىلەن تەڭلا ئولتورغانلارنىڭ چىرايىدا جىددىيلىك پەيدا بولدى. ئەيسامۇ سىرتقا يۈگۈردى.

مىلاڭزا قايرىلىش بىلەن تەڭ تەلپىگىسى قىرلاغلىق، سېمىزلىكىدىن كوزلىرى قىسىلىپ كەتكەن، قارا سوكنوچاپان ۋە ھوشۇغىغا كەلگىدەك رەسمانى ئىشتان كىيگەن بىرسى ئىككى قولىنى چاپانىنىڭ يانچۇغىغا سالغان ھالدا كىرىپ كەلدى. ئونىڭ تومپايغان قوساقلىرىغا چاپىنىنىڭ پەشلىرى يېتىمىگەنلىكتىن، ئارانلا بىر تۇگمىسى ئېتىلگەن ئىدى.

ئو، ئولتارغانلارنىڭ داغدۇغىلىق سالاملىرىنى مەگسىتىمىگەن ھالدا ئىلىك ئېلىپ، تورىدىكى ئالاھىدە راسلانغان ئورۇنغا جايلاشتى. ئاندىن بېشىدىن تەلپىگىنى ئېلىپ بىرچەتكە، چاپىنىنى سېلىپ ئىككىنچى تەرەپكە تاشلاپ، تەردىن نەمدەلگەن سىدام بېشىنى ئالقىنى بىلەن سۈرتۈشكە، يەلپۈنۈشكە تۇتۇندى.

—«روشوجى» دىگىنى مۇشۇ ئىكەن - دە. مەن بوئادەمگە ئوزاققىچە سەپسالدىم. سەپ-

يالغانلىرى ئۇنى قەيەردىدۇر ئۇچراتقاندەك، كۆرگەندەك ھېس قىلاتتىم. ئەخىرى خاتىرىلىرىم مۇنداق بىر ۋاقەنى ئېسىمگە سالدى:

10 نەچچە يىلچە بۇرۇن «ھەرەمباغ» ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئىشلەۋاتقان كۈنلىرىمنىڭ بىرىدە، مەكتەپ رەھبەرلىكى خوشنا كۆكشەھەردىن بىر يىللىقچى دېخاننى «سىنىپىي كۆرەش دەرسى» ئۆتۈپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. باشقىلارنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ دېخان ئۆتمۈشتە قاتتىق ئېزىلگەن بولۇپ، سەرگۈزەشتىلىرى بەكمۇ ئېغىر ئىكەن.

كۆپ ئۆتمەي، بىز يىغىلغان زالغا 40 ياشلاردىكى بىر دېخان پەيدا بولدى. ئۇنىڭ قولىدا دەز كەتكەن بىر كونا قاپاق، يېرىقلىرى چەمبەرلەنگەن قوپال ياغاچ ئاياق ۋە باشقا ئەسكى-تۈسكىلەر بار ئىدى. ئۇ ئۆزىنى «بۇرۇنقى روستەم قول، ھازىرقى بەختلىك روستەم» دەپ تونۇشتۇرغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشتە خازان بولغان ياشلىقىنى، ھايۋاندىن بەتتەر كۈنلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەنلىكىنى، پومەشچىكلار قولىدا خارلىنىپ ئۆلۈپ كەتكەن ئاتا-ئانىسىنى ئەسلەپ شىكايەت قىلدى.

ئۇ، ئۆتمۈشتىن يادنامە بولۇپ قالغان ھېلىقى قاپاق، ئاياق ۋە كونا كىيىم-كېچەكلەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— مېنىڭ ئوسمان بەگنىڭ قوي ئېغىلىدا يېتىپ-قوپۇپ ئۆتكۈزگەن 20 يىللىق ھاياتىمنىڭ كۈنلىرىمۇ بەتتەر ئىدى. يەيدىغىنىم كېپەكتە ياققان پوم، كىيىدىغىنىم جۇلدۇر كېپەن، ئىش ھەققىمگە ئالىدىغىنىم تاياق، ئېزا-ئاھانەت بولۇپ، پۈتۈن ئەۋلادىم خارزارلىقتا ئالەمدىن ئۆتكەن. دادام رەھمەتمۇ جان ئۈزىدىغان چاغدا بىرسىقىم تۇپراقنى كۆزىگە سۈرتۈپ تۇرۇپ «ئاھ، يەر!... يەر!... سەن دېخاننىڭ جېنى، دېخاننىڭ قېنى...» دەپ يىغلاپ، يەر دەردىدە كۆزى ئوچۇق كەتكەن. ئۇ زاماندا بىز يوقسۇللارنىڭ تەلپىنگىمىز چۈشۈپ كەتسىمۇ ئۆزگىنىڭ زېمىنىغا چۈشەتتى، — دېدى.

شۇ كۈنى مەنلا ئەمەس، مەيداندا يىغىلغان پۈتكۈل ئادەملەر روستەمنىڭ قانلىق شىكايىتى تۈپەيلىدىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي بولدۇقلاپ يىغلاشقانتى...

مەن شۇلارنى ئەسلىگىنىمدە، بۇ ئەتىۋالىق مېھماننىڭ دەل ئەشۇ سىنىپىي كۆرەش مۇئەللىمى «روستەم قول» ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ قاچاندۇر «روشوجى» بولۇشقا ئۈلگۈزگەنىنى بىلدىم.

سېمىز گوش ۋە بېيە بېسىلىپ، ئوخشۇتۇپ ئېتىلگەن پولو داستىخانغا كەلتۈرۈلدى، لېكىن روشوجى 3-4 كا پاملا يەپ، ئەيسانىڭ قانچە زورلىغىنىغا قارىماي، قاتتىق بىرنى كېكىرۋېتىپ قولىنى سۈرتتى-دە: «قېنى، كارامىتىڭ قانچىلىك؟» دېگەن مەنىدە ئەيساغا قاراپ قويدى. روشوجىنىڭ ئوتتەك قىزارغان يۈزلىرى. خۇمالاشقان كۆزلىرىگە قاراپلا، ئۇنىڭ ھازىرلا قايسى بىر داستىخان ئۈستىدىن بۇيەرگە كەلگەنلىكىنى پەملەش تەس ئەمەس ئىدى. شۇڭا داستىخان يىغىۋېتىلدى-دە، سەي-زاكۇسكىلار كەلتۈرۈلۈپ، ئىچكىۋازلىق باشلىنىپ كەتتى.

ئەيسا ئالدى بىلەن ئىككى رومكىغا ھاراق قۇيدى، بىرنى ئۆزىگە، يەنە بىرسىنى روشوجىغا تۇغرىلاپ سۆز باشلىدى:

— بۈگۈن مېنىڭ بۇ مۇساپىرخانەمگە كۆكشەھەرنىڭ قەدىرلىك مېھمانلىرى قەدەم تەشرىپ قىلدى. روشوجىمۇ قىممەتلىك ۋاقتىنى چىقىرىپ ئالاھىدە كەلدى. بۇنىڭغا مەن تولىمۇ خوشالمەن، گەرچە داستىخىنىم غورىگۇل بولسىمۇ رەنجىمىگەي، خۇشال-خۇرام ئولتۇرۇپ بېرىشلىرىنى ئۆتۈنىمەن.

— ياقەي! ئۇنداق ئەمەس، تازا ياخشى

بولدى، دېيىشىپ سوز قىستۇردى بىرنەچچەيلەن.

—مېنىڭچە بولغاندا بىرەر پاقلاننى كاۋاپ قىلىپ، ھەرقايسىلىرىنىڭ بالاۋاقىلىرىنىمۇ چاقىرىپ، چوڭراق بىر ئولتۇرۇش قىلىپ بەرگۈم بار ئىدى. لېكىن ئويىمىز مۇشۇنداق كۆكۈت قېپىدەك كىچىك، مۇبادا چوڭراق بىر ئوي سېلىۋالسام... ئەيسا قورۇنۇپقىنا رۇشۇجىگە ھىجايدى - دە: — شۇڭا مەن بۇ بىر پىيالە مەينى ئالدى بىلەن رۇشۇجىنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن ئىچىمەن. خۇشىشە!، — دېدى:

—خۇشىشە!

—خۇشىشە!!!...

—رۇشۇجىنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن خۇشىشە!

بۇلاق سۈيىدەك سۈزۈك قوناق ھارىقى رومكىلەرگە ئۈزۈلمەي بېلىق كۆزى قىلىپ قۇيۇلۇۋەردى. رۇشۇجىنىڭ «سالامەتلىكى ئۈچۈن» بوشىغان بوتۇلكىلارنى ئەيسا سېخىلىق بىلەن تولدۇرۇپ تۇراتتى. ئولتۇرۇش قىزىغانسېرى سوھبەتنىڭ تېمىسى تېز-تېز ئالماشتى.

—رۇشۇجى! سىلىنىڭ بويىناقتا ئەندى بۇيىتقىمىدىن ئىشىت چىقمايدىغان بولدىجۇمۇ! تۈنۈگۈن سايىدىكى ئىشىت تالاشتۇرۇشتا چاقارلىقنىڭ ھېلىقى داڭلىق تايغىنىنى قولاق تۇۋۇدىن بىر ئالغانچە جېنىنى ھەلقۇمغا ئاپىرىپ قويدى ئەمەسمۇ، — دېدى خۇشامەت بىلەن كوزى جىمىتا قىراق كەلگەن بىرسى.

—ئۇنى بىر دېمە، — دېدى بىرسى سوز قىستۇرۇپ، — يېتىم قوۋۇرسىغا مەگىنىنى بىكىتمۇالغانچە كوناتەلپەكنى گۈۋۈشىگەنىدەك قىلىۋەتتىميا!...

—ئەگەر بويناقنىڭ سول مەگىنى ساق بولغاندا ئىدى، — دېدى رۇشۇجى قولىدىكى رومكىنى كۆپلا قىلىپ كوتىرىۋېتىپ، — تاماشانى شۇ چاغدا كورەتتىڭلار!

—رۇشۇجى بىرنەرسە ساقلىسا سەرخىللىرىنى تاللايدۇ، ئۆتكەندە 4 كۈنلۈك يېراقتا ساتقان كەپتەرلىرىمۇ بىرمۇنچە نە ۋەمادا كەپتەرلەرنى باشلاپ سالامەت قايتىپ كەلدى. باقسالا شۇنداق قىلىرىنى باقىلۇق، — دېدىچە تېترەك ئولتۇرغان پاكىنەك سېرىق كىشى.

سوھبەت شۇ تەرىقە داۋام قىلماقتا، لېكىن نېمىشقىدۇ، رۇشۇجىنىڭ سول تەرىپىدە ئولتۇرغان ئۇرۇق، كەمسوزكىشى رۇشۇجىگە بىئېتىبار ۋارۋەتەكە للۇسپىز ھالدا، سۇنۇلغان رومكىنى ھېچبىر سوزقىلماي «خوش» دەپ ئىچىۋېتەتتى. بۇئۇنىڭ خاراكتېرىمۇ ياكى بۇئولتۇرۇشتىن بىرەر لەززەت ھېس قىلمىدىمۇ، بىلىپ بولمايتتى.

شۇجى بولسا ئىنتايىن شوخ ئولتۇراتتى. ئۇ ئۇھەممىگە چاقچاق قىلاتتى، ھاراق ئۇزكۈچىنى كورسەتكەنسېرى تېخىمۇ قىزىق خۇيلارنى چىقىرىشقا باشلىدى. ئۇھېلىقى جىمتاق كىشىنىڭ بېقىنىنى چىمداپ تۇرۇپ دېدى:

—قانداق قۇربانچان، 12-ئاينىڭ قومچىغىدەك كورۇنمەس بولۇپ قالامغۇ؟ ياكى بالىنىڭ ئانىسى قويۇۋەتمەيدىغان بولۇپ قالدىمۇ؟

— يۇقسۇ شۇجى. بىزمۇ ئۇزلىرىنى ئويگە چاقىرىشنىڭ تەرەددۇتىدا بولۇۋاتاتتۇق، لېكىن ئالدىراش بولۇپ قېلىپ...

ئەيسا رۇشۇجىگە رومكا تۇتقانلىقتىن ئۇنىڭ چاقچىقى بولۇنۇپ كەتتى — بىزنىڭ ئەيسا مۇئەللىمۇ شامالۋاغنىڭ ئەلمى-تەلمىسىگە چۈشۈپ قالدى. ھەرقانداق ماكاندا يەرلىشىپ قالاي دېسەك، شىنجاڭدا ئەل كىرگەن كىچىككە كىرگۈلۈكتە. شۇجى ھاراقنى كوتىرىۋېتىپ زاكوسكىغا باققاندىن كېيىن سوزىنى داۋاملاشتۇردى:

—مۇپتىغا دورۇت كېرەك، ئىشانغا مورت دەپتىكەن. ئەيسا مۇئەللىم بىزلەرگە يېقىن بولسا بىزمۇ ئۇنى قېتىمىزغا ئالىمىزدە!

باياتتىن ئۇ ئۆيىنىڭ گۈگۈت قېپىدەك كىچىكلىكىنى ئېيتىۋاتىدۇ، شۇنچە كەڭ گۇڭشېدىن مۇئەللىم پاتقىدەك ئۆيلۈك يەر چىقمامدىكەن!

روشۇجى ئەتراپىدا ئولتۇرغانلارغا بىر قارىتىۋېلىپ يەنە سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئەتىلا مۇئەللىمگە بازار دادۇيىدىن، ھېلىقى تاش ئۇستەك بويىدىكى يەرنى بېرەيلى، ھاشىم سېكرېتار، سىز دەرھال 10 ئادەم ئاجرىتىپ تام سوقتۇرۇپ بېرىڭلار، راس، سايىدىكى ياغاچتىن 20 تۈپ بەرسەك ئازادە يېتەر، پارتىيىنىڭ كادىرلىرى مۇنداق كىچىك ئۆيدە ئولتارسا سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكى نەدە قالىدۇ، يالغانمۇ يا؟

— روشۇجى توغرا ئېيتتى، ئاممىنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈش — شۇجىيىمىزنىڭ ياخشى خىسلەتلىرىنىڭ بىرى، — دېدى ھېلىقى جىتاق كىشى.

— روشۇجى، — دېدى ھېلىقى جىمغۇر كىشى تەڭقىسلىقتا قالغاندەك بىر خىل ھالەتتە، ئۆزلىرى دېگەندەك قىلساقمۇ بولاتتى، بىراق، ئۆزلىرىنىڭ دېگىنى بويىچە ئۇ يەرنى يېقىندىلا تۇردى ئاخۇندىن قايتۇرۇۋېلىپ قەلەمچە تىكىپ قويغاندۇق، ھازىر ئالدى بىخ يېرىپ چىقىپتۇ، بۇنىڭ ئۈستىگە....

روشۇجى گەپنىڭ بېلىگە تېپىپلا دېدى:

— تۇردى ئاخۇننىڭ قايسى قىلىپ كەتكەنلىرى دېگە. شۇنچە ئەپلىك يەرنى بېرەتتۇق، قايتۇرۇۋېلىپ ياخشى قىلدۇق. قەلەمچە سېلىڭ دېگەنمۇ مەن، بۇزۇپ ئۆي سالىمىز دەۋاتقانمۇ مەن! ھاشىم ئاخۇن سېكرېتار، بۇ گۇڭشېنى مەن باشقۇرىمەن، نېمە «ئۇنىڭ ئۈستىگە»، «بۇنىڭ ئۈستىگە» دەپ تىل چايناپ يۈرىمىز؟...

ھاشىم ئاخۇن سېكرېتار لېۋىنى چىشلىگىنىچە يەرگە قاراپ جىم بولدى. ئۇنىڭ خىيالىدىن يېقىندا بولۇپ ئۆتكەن بىر ئىش كېچمەكتە ئىدى:

بازار دادۇيىنىڭ پىشقەدەم ئەزاسى تۇردى ئاخۇن يېڭى مەھەللىگە ئۆي رەتلەش ۋاقتىدا سايدا ئورمان بېقىۋاتقانلىقتىن، «ھازىرچە شۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرسىمۇ بولىدۇ» دەپ قارىلىپ، ئۆيلۈك يەر بېرىلمىگەن، ئەسلىدىكى ئۆيى يېقىلغاندا ياغاچ-تاشلىرى سايىدىكى گەمىسىنىڭ يېنىغا يۆتكەپ قويۇلغان ئىدى.

ئۆتكەندە ئۇ ئۆيلۈك يەر تەلەپ قىلدى. ھاشىم سېكرېتار دۇيىدىكى ئەزالارنىڭ مۇزاكىرىسىدىن ئۆتكۈزۈپ، تۇردى ئاخۇنغا تاش ئۇستەك بويىدىن، نوپۇس ئەھۋالىغا قاراپ بىر مو يەر ئايرىپ بەردى. لېكىن روشۇجىنىڭ رەت قىلىشى بىلەن بۇ يەر تۇردى ئاخۇندىن قايتۇرۇپ ئېلىنغاچقا، ھازىرچە قەلەمچە تىكىپ قويۇلغان، تۇردى ئاخۇنمۇ سايدىكى گەمىدە ئولتۇرۇپ تۇرغان ئىدى.

ئۆتكەن ھەپتىدە روشۇجى ناتونۇش بىر كادىرنى باشلاپ كېلىپ، ھېلىقى بىر مو قەلەمچىلىكنىڭ يېرىمىنى ئۆي سېلىشقا بۆلۈپ بەرمەكچى بولدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان تۇردى ئاخۇن، شۇجىغا يېلىنىپ، قايتا-قايتا ئىلتىماس قىلغان بولسىمۇ، «سەن مۇشۇنچە كۆزۈمگە كىرىشىۋېلىپ، قادىلىپ تۇرىۋالىدىغانغا نېمە ھەققىڭ؟ كوپىراتىپكە كىرگەندە قانچىلىك يەرنى پاي قىلىپ قوشقان-ھە! يەر ئومۇمنىڭ. ئومۇم دېگەن — گۇڭشې، گۇڭشېنى مانا مەن باشقۇرىمەن. كىمگە، قانچىلىك يەر بېرىش ياكى بەرمەسلىك مېنىڭ ئىختىيارىمدا!...» دەپ دەككە قىلغانىدى. ئەزالار ۋە دۇي كادىرلىرىنىڭ بۇ ئىشقا قارىتا خېلىلا قوساق كۆپىكى بولسىمۇ ئاغزىدىن چىقىرالمىغانىدى. مانا بۈگۈن كۈتۈلمىگەندە يەنە بىر خەۋەردار — ئەيسا مۇئەللىم پەيدا بولۇۋاتىدۇ. ئەيسا مۇئەللىمنىڭمۇ بالا-چاقىلىرى دۇي ئەزاسى، لېكىن، ھازىرچە ئولتۇرۇپ قويغىدەك بىر ئىككى ئېغىز ئۆيى بار. تۇردى ئاخۇننىڭچۇ، ئۇ ھېلىھەم



سايىدىكى گەمىدە يېتىپ-قوپۇۋاتىدۇ.

ئەزەلدىن ئېغىر-بېسىق مۇجەزلىك ھاشىم سېكرېتارنىڭ تاقىتى-تاق بولدى بولغاي ئەتىمالىم، شۇڭا رۇشۇجىنىڭ بۇيرۇق تەلەپپۇزىدىكى گېپىنى ئىلىك ئالماي سۆزلىدى:

—رۇشۇجى، تىل چاينىغىم يوق، بارگەپنى ئېيتىۋاتىمەن، ئۇزلىرى بىلىلا، بىرەر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىتنىڭ ئىچىدە، ئۇزلىرىنىڭ كېپى بىلەن 9 نەپەر دولەت كادىرىغا ئۇيلۇك يەر كورسىتىپ بېرىلدى. يەنە ئۇزلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن تۇردىئاخۇندەك دىخاندىن 4-5 نىڭ ئۇيى يىقىۋېتىلدى-يۇ-يەر كورسىتىپ بېرىلمىدى. شۇڭا ئەزالارنىڭ نارازىلىق پىكرى چىقتى، ئۇلار: يىپ بىلەن كېۋەزنىڭ ئىشى يوق، دىگەنىدەك، ئايرىم كادىرلار ئەزالارنىڭ مەنپەئەتى بىلەن ھىساپلاشماي، تېرىلغۇ يەرلىرىمىزنى، دەل-دەرەخلىرىمىزنى، ئۇزى خالىغانچە ئۈلەشتۈرۈپ بېرىۋەرسە، بىز ئاشلىقنى ئۇگزىمىزگە تېرامدۇق، ياكى بولۇت ئۇستىگىمۇ؟ ئەگەر سېكرېتار، شۇجىلارنىڭ شەخسى يېرى، باغچى بولسا بېرىشۇن بولمىسا...» دەپ پىكىر بېرىۋاتىدۇ. دىمىسىمۇ ئۇز ئەزالىرىمىز ئاق يەردە تېلمۇۋاتقاندا...

—بۇ سېنىڭ تاپقان گېپىڭ!. رۇشۇجى يانپاشلاپ ياتقان جايىدىن چاچراپ قوپۇپ ھاشىم سېكرېتارنىڭ سوزىنى بولۇۋەتتى ۋە مەس ئەلپازى بىلەن قايناشقا باشلىدى:

— ئېيتىپ باقە، شۇنداق پىكىر بەرگەنلەر قانچىلىك يەرنى پايغا تاشلاپتىكەن، ئاماۋاغدىكى يەرلەرنىڭ تەگدىن تولىسى ئوسمان بەگدىن مۇسادىر قىلىنغان. ماڭ شۇنداق پىكىرچىلەرنى ئەگەشتۇرۇپ دادىخارلىڭغا ئەرز قىل! ئەمما، مەن ئۇيلۇك يەر بېرىشنى ئورۇنلاشتۇرغان ئىكەنمەن، مېنىڭ ھىساپ!...

—نىمىلا بولمىسۇن، مەن بۇقېتىم قەلەمچىلىكنى بۇزۇپ ئۇيلۇك يەر بېرەلمەيمەن، ئەمما باشقا يەردىن ئويلىشىپ كورەيلى.

ھاشىم سېكرېتارنىڭ بۇسوزى رۇشۇجىنىڭ ئىمانىنى قېرىتقەز ئۇچۇردى بولغاي، غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولغان رۇشۇجى كوپچىلىك مېھمانلارنىڭ ئالدىدىلا ھاشىم سېكرېتارنىڭ يۇزىگە «شالاق» قىلىپ توكۇرىۋەتتى. ئاندىن يەڭلىرىنى شىمايلاپ، دەلدەڭشىگىنىچە قوپماقچى بولدى. لېكىن باشقىلار سۇلى-سالا قىلىپ، جىدەلنىڭ ئالدىنى ئالدى...

بىردەملىك سۇكۇناتتىن كېيىن باشقا مېھمانلار شۇجىگە تەسەللى قىلىشقا باشلىدى.

كوڭۇللىرىنى چاچمىسىلا شۇجى، ھاشىماخۇن سېكرېتار ھېچ بولمىغاندا ئۇزلىرىنىڭ يۇزىنى، داستىخاننىڭ ھورمىتىنى قىلسىمۇ بولاتتى...

—شۇنى دەڭا، «قېتىغىمىنىڭ ئىقى توگىمەس، شىرنەمنىڭ سېرىغى» دىگەن گەپ بار ئەمەسمۇ، بىرنەچچە پۇڭ يەر بىلەن كوڭگۇشىنىڭ زىممىنى توگەپ قالاتتىمۇ، ئەزادىگەننىڭ پىكرى تېگىۋەيدۇ، ئاڭلاپ قويۇپ، ئوزەڭ بىلگەنچە ئىشلەۋەرسەڭ بولىدۇ-دە.

—رەھبەرلىك بۇيرىغاندىكىن، ئامىمىغا قۇيرۇقچىلىق قىلمىغۇلۇق...

ھاشىم سېكرېتارنى ھەقلىق دەپ قارىغان بىرقانچويلەن بۇ پاراڭغا ئارىلاشماي سۇكۇت قىلىپ ئولتۇرۇشتى.

ئەمما، رۇشۇجىنىڭ ئاچچىغى ھېلى بېسىلمىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ بۇ بىھۆرمەت سىكرىتارنى دەسسەپ مىجىۋەتكۈسى، ھازىرلا ئەمەلدىن ئېلىپ تاشلاپ، يىراقتىكى بوز يەرگە كۆچۈش ئائىلە قىلىۋەتكۈسى كەلدى.

ھاشماخۇن سىكرىتار سورۇننى تەرك ئېتىپ ئاللىقاچان كېتىپ قالغانىدى. بىر ئاز ئۆتكەندىن كېيىن رۇشۇجىنىڭ ئاچچىغى ئاللاقا ياقلارغا ئۇچۇپ كەتتى، باشقىلارنىڭ تەنەللىرى بىلەن كۆڭلى پەسكارىغا ئورنىغان بولساكېرەك، ئارقا-ئارقىدىن تەگلەنگەن «كۆڭلۈم» ھارىغى ئۇنىڭ چىرايىنى باھار ئاپتىۋىدەك ئېچىلدۇرۇپ، ھېلىقى خاپىچىلىقنىڭ بۇلۇتىنى يىراقلارغا ئۇچۇرۇپ كەتتى. رومكىلار يەنە «رۇشۇجىنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن» جىرىڭلاشقا؛ «خوشىشە» ئاۋازلىرى ئالا-تاغىل ياڭراشقا باشلىدى...

× ×

ئارىدىن 5 ئاي ئۆتكەن كۈز ئايلىرى. مەن يەكشەنبىلىك دەم ئېلىش پۇرسىتىمدىن پايدىلىنىپ ئۆيدىكى پارچە ئىشلىرىمنى قىلىۋېلىش نىيىتىمدە، ئەتىگەنلىك ناشتامنى قىلىپ بولۇپ تۇراتتىم. ئايالىم:

— ئۇنتۇپلا كېتىپتىمەن، تۈنۈگۈن كەچ بىرسى مۇنۇ خەتنى "ئۆزلىرىگە بېرىپ قويسىلا" دەپ ئېپكەلگەن ئىكەن، - دېدى - دە، كونۋېرتنى ئۇزاتتى.

مەن ھېلىقى كونۋېرتنى ئېچىپ، ئىچىدىكى خەتكە قاراپلا ئۇنىڭ دوستۇم ئەيسانىڭ پوچۇركىسى ئىكەنلىكىنى تونۇۋالدىم. خەتتە مۇنۇلار يېزىلغان ئىدى:

"ياخشىمۇ سەن، بۈگۈنكى دەم ئېلىش كۈنۈڭنى سەرپ قىلىپ، ئۆيۈمگە يەنە بىر قېتىم كېلىپ كېتىدىغان بولدۇڭ، نىمىشكە چاقىرىتقىنىمنى كەلگىنىڭدە ئېيتىمەن. باشقىچە ئويلاپ قالما، بۇنىۋەتتەڭكەسى زىياپەت ھەمساۋىغا ئىتجارەت قىلىدىغان ئولتۇرۇشلاردىن ئەمەس. كەلمەي قالما، دوستۇڭ ئەيسا."

مەن ئەشۇقېتىم رۇشۇجى قاتناشقان زىياپەتكە داخىل بولغىنىمدىن كېيىن، ئەيسالارنىڭ ئۆيىگە ئەرەپكە بېرىپ باقمىغان ئىدىم. بىر دەم ئىككى خىيال بولغىنىمدىن كېيىن بېرىش قارارىغا كەلدىم-دە، ۋېلسىپىتىمنى مىنىپ يولغا چىقتىم. مەن گەرچە كۈزئايلىرىنىڭ ئەلۋەك، سېغى داستىخىنى پۈتۈن ئەتراپنى ئۆزقۇچىغىغا ئالغان كەڭ ئېتىز بويىدىكى يولدا كېتىۋاتساممۇ، خىيالىمدا "ئەشۇقېتىمقى زىياپەتنىڭ نەتىجىسى قانداق بولغاندۇ؟" دېگەننى ئويلاپ كەلمەكتە ئىدىم.

ئەيسا مېنى گۈگۈم ئوتتۇرا مەكتىۋىنىڭ بېغىغا يانداپ سېلىنغان، ھويلا-ئاراملىرىمۇ كەڭ-كەترى ئازادە 3 ئېغىزلىق بىر ئۆيىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا قارشى ئالدى.

بىز ئۆتكەن-كەچكەن ئىشلاردىن پاراڭلىشىپ قاچ قوغۇن-تاۋۇز ئىلىپ يەپ بىرەرسائەت ئولتۇرغاندىن كېيىن، بىر نەچچە كىشىلەر مېھمان بولۇپ كەلدى. بۇلار-ئەيسانىڭ ئايالى تۇزۇشلۇق ئىشلەپچىقىرىش دۇيىنىڭ ئەزالىرى ئىدى. ھايال ئۆتمەي داستىخان تارتىلدى. سوز ئارىسىدا مېھمانلارغا مېنى ھەم مېھمانلارنى ماڭا تونۇشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئەيسا كۈلۈپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— بۈگۈن ئۆزرايىم بويىچە، يېڭى ئۆيۈمنىڭ تويىنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ھەر قايسىڭلارنى چاقىردىم كورۇپ تۇرۇپسىلەر، مۇشۇ ئالىتە فوڭلۇق زىمىن ئۈستىگە سېلىنغان ئۆينى قېڭغىز يول مېڭىش ھەمساۋىغا ئەمەس بەلكى سىياسەت، بەلگىلىمىلەرنىڭ روھىغا ئۇيغۇن ھالدا، تەشكىلنىڭ رۇخسىتى بىلەن پۈتكۈزۈۋالدىم. ئۆزاقى يىللىرى قانچە-قانچە داستىغانلارنى يېيىپ، يېلىنىپ يالۋار-

سامۇ ئىشىم ئوڭدىن كەلمىگەن ئىدى. ئۇ سوزلەۋېتىپ ماڭا قاراپ كۈلۈپ قويدى.

ئاپلا ئەيسانىڭ مېنى چىللىشى يېڭى ئويىنى مۇبارەكلەش ئۈچۈن ئىكەن ئەمەسمۇ، ئۇنىڭ ئويىنى قاچانلاردا سېلىۋالغىنىنىمۇ بىلمەي قالغانلىقىمنىڭ ئۈستىگە، قۇرۇق قول كېلىپ قاپتىمەن-دە...

مېنىڭ خىيالىمنى بىلىۋالغاندەك، بىر نەچچە كىشى خىجالەتچىلىك بىلەن بىر-بىرىگە قارىشىپ قويدى-دە، ئارىدىن بىرسى:

—مۇئەللىم، نىمىشقىمۇ گەپنى ئۈچۈق قىلمىغاندىلا، رەسمى يۇسۇن بويىچە ئويىنى قۇتلاش كېرەك ئەمەسمىدى، قۇرۇق كېلىپتۇق، —دىدى.


—راس، ياخشى ئىش بولماپتۇ،—دىيىشتى باشقىلارمۇ.

—يوق—ۇ، يۇرەك پوكىلىدىغان كۈڭۈل دەككى-دۈككى بولماي، خاتىرجەم هالدا ئويىنى پۈتكۈزىۋالدىم. هەر قايسىلىرىنىڭ ياردەملىرىمۇ ئاز بولمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يېڭى ئويىنى قۇتلاش، بۇشۇك تويى، خەتنە تويى، يېڭى مەنسەپكە كوتىرىلگەنلىكىنى مۇبارەكلەش تويى... دىگەنلەر قايسى بىرىمىزنىڭ يىلىگىنى قۇرۇتمىدى. ياخشى كوڭۈللىرىگە رەخمەت. قورۇنماي ئولتۇرايلى.

ئەيسا شۇلارنى دىگەندىن كېيىن داستىخانني يەڭگۈشلىدى ۋە يېڭىدىن سېتىۋالغان ئۇن ئالغۇسىنى سورۇنغا قويۇپ ناخشا ئاڭلاتتى.

بىز ئۇنىڭ بىلەن سۆيىنىڭ لىۋىدە ئولتۇرۇپ پاراڭغا چۈشتۇق. شۇ نەرسە مەلۇم بولدىكى، هېلىقى ئاخشامقى زىياپەت هەمىشىغا بىرىلگەن يەر ئەتراپىغا تام سوقۇلغاندىن كېيىن، ئەزالار قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرۈپتۇ — بىر چىرايلىق كوكلەۋاتقان قەلەمچىلەرنى بۇزۇپ ئوي سېلىشقا ئەيسانىڭمۇ كوڭلى ئۇنۇماپتۇ. رۇشۇجىنى ئىزدەپ تېپىپ ئەهۋالنى ئېيتقان-باشقا يەردىن ئورۇ-

لىۋېلىش زىمىن بېرىش تەلىۋىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، رۇشۇجىنىڭ «قانداق ئادەمسىز، يەر دىدىڭىز، بەردىم. سالسىڭىز ئەشۇ قەلەمچىلىككە سېلىڭ، بولمىسا سىزگە بىرىدىغان يەر يوق!» دىگەن جاۋابىدىن باشقا نىمىگە ئېرىشەلمەپتۇ.



ئارىدىن كوپ ئۆتمەي ناھىيىدىن ئىۋەرتىلگەن خىزمەت گۇرۇپپىسى رۇشۇجىنىڭ ھوقۇقىنى قالايمىقان ئىشلىتىپ، تېرىلغۇ يەۋە ئورمانلارغا بۇزغۇنچىلىق قىلغان ئىشلىرى ئۈستىدىن تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپتۇ. داستىخانغا تېگىشلىگەن يەرلەر بىردەك ئىناۋەتسىزدەپ قارىلىپ، تۇردى ئاخۇن ۋەئەيسالارغا ئوخشاش ئەمەلىي قىيىنچىلىقى بار بىر نەچچە ئائىلىلەرگە ئويلۇك يەر بىرىلىپتۇ. دۈي رەھبەرلىكى ئەيسانىڭ ئەمگەككۈچى ئازلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنىڭ ئوي تاملىرىنى ئەتتۇرۇپ بىرىپتۇ.

—هازىر رۇشۇجى نىمە قىلىۋاتىدۇ؟،—دەپ سورىدىم مەن ئەيسانىڭ سوزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن.

—يەنىلا ئەسلى خىزمىتىنى ئىشلەۋاتىدۇ، لېكىن خىزمەتتىكى كەتكۈزۈپ قويغان تەرەپلىرى تەكشۈرۈلىۋاتقىدەك،—دىدى ئەيسا.

—داستىخان سالمىسا، كىيىمىنى ئاڭلىمىسا، ئىشنى سىياسەتنىڭ روهى بويىچە قىلمىسا، ئەسلى زاتىنى ئۇنتۇپ يېڭى زاماننىڭ مۇشتۇمزورلىرىدىن بولىۋالسا، ئەلۋەتتە هېساب بې-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# كورۈك

تۇرسۇننىياز ئابدۇللا

دوستلىرۇم يۇرتۇمدىكى يېڭى قىياپەتنى كورۈك،
ھورزامان بەخش ئەيلىگەن مېھرى-شاپائەتنى كورۈك.

سۆپ-سۆزۈك قاش تېشىدەك ئەل ئىشقىنى جەلپ قىلىپ،
كۈن سايىن نۇرچاقنىغان ئادىل سىياسەتنى كورۈك.

چىن ئىشەنچ، ئۈمىت تېغىدا ياتتى كىيىمىلىك ئەيلەپ ھوزۇر،
مول ھوسۇل توينى قىزىتقان ئەھلى جامائەتنى كورۈك.

مال تولۇپ كەتتى ئېغىلغا بولدى ياغ قازان، چۈمۈچ،
توق قوساق، كوڭۈل خوشال، راھەت-پاراغەتنى كورۈك.

دېخىنىم ھوددە بىلەن تېتىمدى ئەجىرنىڭ تەمىنى،
شان-زەپەرنىڭ ئىلكىدە ئالغان دارامەتنى كورۈك.

پارتىيەم بەردى كاپالەت باي بولۇش ئارزۇسىغا،
كۈنسېرى ئالغا ئۇرلىگەن يۈكسەك شىجائەتنى كورۈك.

---

رىدۇ-دە. دېمىسىمۇ ئەشۇنداق بىرقىسىم ئا-
دەملەرخەلق بەرگەن ھوقۇقنى مۈلۈك قاتارىدا
كەلسە-كەلمەس ئىشلىتىپ، رەھبەرلىك كادىر-
لارنىڭ ئوبرازىغا قاراسۇۋىدى. بۇنداق ئا-
دەملەرنىڭ قىلمىشى تەكشۈرۈلۈپلا قالماي،
تېگىشلىك جازالىنىشىمۇ كېرەكتە!

مەن ھاياجىنىمنى باسالماي، كېيىنكى
سۆزلىرىمنى ئۈنلۈك دەۋەتتىم، مېھمانلار:
— ئەلۋەتتە شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىك،
«رۇستەم قول»-«رۇشۇجى» بولغان كىشى بۇرۇن-
قى «بېشىمدىن تومىغى چۈشسىمۇ ئۆزگىلەرنىڭ
يېرىگە چۈشمىدۇ»غان ئېچىنىشلىق كۈنلەرنى
ئۇنتۇپ قالسا ھەرگىز بولمايدۇ، — دېيىشتى.

بىز زامانىمىزنىڭ مول-توقچىلىقى، سىياسەت-
نىڭ ئادىل ۋە توغرىلىقى، ھەققىدە ئۇزاققىچە
پىكىر ئالماشتۇرۇپ ئولتۇرۇپ، ۋاقىتنىڭ بىر
يەرگە بارغانلىقىنى تۇيماي قاپتۇق...

# تاغلىق يېزىدىكى ئۆزگىرىش

كۈرەشجان مۇسا

«نۇرى» گۈڭشى ھەققىدە،
يازاي قىسقا باھانى؛
مەنىۋى كۈچ يېتەكلەپ،
يېڭىلىدۇق ھاۋانى.

يوقاپ بۇندا بەتقىلىق،
باشكوتەردى يېڭىلىق.
«توتتە گۈزەل، بەش بولۇش»
ماكان ئەتتى سەھرانى.

يامان ئادەت، يامان ئىش،
يىلتىزىدىن قۇرىدى.
غەلىبىمىزدىن مات قىلدۇق،
توتزىيانداش ئەرۋانى.

تىچ ئىتتىپاق ياشىدۇق،
قىزىل گۈلدەك ياشنىدۇق.
بالىلارمۇ ئۆگەندى،
كىچىكىدىن ھايانى.

قۇرۇق غەيۋەت، پاراڭ يوق،
يانجۇقتا پۇل، قوساق توق.
ئىلمى ئۇسۇل ئۆيىندۇق،
باگرىتىپ شوخ ناۋانى.

مەدىنىيەت پونكىتى،
ھەممىمىزنىڭ ئۆلپىتى.
مەرىپەتتىن تاپتۇق بىز،
دىلغا مەلھەم-داۋانى.

يېڭى ھايات يولىدا،
دادىل قەدەم تاشلىدۇق.
كوچۇردىمىز بۆيەرگە،
شۇ جەننەتۇل-مەئۋانى.

پارتىيىگە ئەگىشىپ،
غەلىبە بىلەن تاغ ئېشىپ.
كەنتىمىزنى قىلىمىز،
ئەدەپ-ئەخلاق ماكانى.

# شېئىر ۋە پارچىلار

مەتقۇربان ئىسمايىل

## ئانا دىسەم...

ئانا دىسەم، تومۇرلىرىمدا،
ئۇركەش ياسارسەن بەرگەن ئاق سۈت.
ئانا دىسەم، ھەربىر ئىشىمدا،
بولۇر پەيدا غەلىبىگە ئۈمىت.
ئانا دىسەم، قۇلاق تۈۋىمدە،
جاراڭلىغاي «ئەللەي» نەخشىسى.
ئانا دىسەم، ھايات قىسسەمدىن،
ئېچىلىدۇ بەخت سەھىپىسى...
قەدىرلىك ئانا، شۇڭا سېنىڭچۈن،
تەسەددۇق مېنىڭ بارلىغىم ھامان.
ئاقلايمەن سېنىڭ ئەجرىڭنى چوقۇم،
يۈرتنى گۈللەشكە بولۇپ پەھلىۋان.

## پارچىلار

يولۋاستەك كۈچ ئۇرغۇپ تۇرغان چاغ ياشلىق،
ياشلىقتا تېرىمغا ئايلىنار تاشلىق.
ياشلىقتا بىلىم ئال، يارات كەشپىيات،
ئەتىمسۇن ئۆمرۈڭنى خازان بەگۋاشلىق.

❧ ❧

چەكلىكتۇر ئادەمنىڭ ئۆمرى-ھاياتى،
جانغا ئارتۇر الماس مۈلكى-بىساتى.
ئەۋلاتتىن-ئەۋلاتقا قالۇر مىراس بوپ،
ھەركىمنىڭ ئۆمرىدە قىلغان ئىجادى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# زاۋا ئىلھامى

نەبىجان ماخمۇت (ئوقۇغۇچى)

بۇندا ھاجەتلەر راۋادۇر، ئۇندا دەرتلەرگە داۋا،
ياخشىراقتۇر كابىلمۇ، بەلىخ، بۇخارادىن زاۋا.

— تەجەللى

بوۋامدىن ئاڭلىدىم، كىتاپتىن كوردۇم،
ئەي زاۋا — گۈل دىيار سىنىڭ نامىڭنى.
شاتلاندىم كورگەندە ئەژدات كۈيىدە،
شەرەپلىك قىسسەڭنى، پەخىر-شانىڭنى.
بىرچاغدا كارۋانلار ئوتسە يولۇڭدىن،
ئۇلارغا قونالغۇ، ئىدىڭ ساھىپخان.
شەرۋەتتەك سۈيۈڭنى ئىچكەن يولاۋچى،
ئولۇمدىن قۇتۇلۇپ، تاپاتتى دەرمان...
بۇگۈنچۇ، قۇچىغىڭ بەئەينى جەننەت،
چوللەرنى كۆكەرتىپ ياسىدىڭ بوستان.
مۇبادا تەجەللى يەنە بىر كورسە،
ئىلھامى ئوخچۇيتتى - يازاتتى داستان!

ئەي زاۋا، كىندىگىم قېنى تامغان جاي،
بەختىڭدىن زوقلۇنۇپ كۈيلەر قاتىمەن.
مەن، ئىشچان، ئەمگەكچان ئەھلىڭ قاتارى،
قويىنۇڭدا تەر توكۈپ، غۇلاچ ئاتىمەن.
گۈللە يەمەن ھوسنۇڭنى ئەجىر-توھپەڭدىن،
كۈيلەيمەن سائادەت قۇچقان چېغىڭنى.
پارتىيەم قۇياشىنىڭ شەپقەت نۇرىدىن،
رۇخسارى ئۇزلاشقان گۈلشەن باغىڭنى.
«يۇرتىنى سۆيمىگەن — ئېلىنى سۆيمەس»،
دەيدىكەن كونىلار، بۇگەپ بەرھەق، راس!
مەن سېنى سۆيمەنچىن كوڭلۇم بىلەن،
بولىمەن تولپارلىك جەڭلەردە ھارماس.

# كۈز

ئوبۇلقاسىم مەتنىياز

يېپيېپتۇ دالاغا ئالتۇنرەڭ يوپۇق،
جانىجان يۇرتۇمدا مەئىشەتلىك كۈز.
چۇمۇلگەن ئېتىزلار، خامانلار نۇرغا،
سۆپەتكە تىل ئاجىز، يىتمەشمە يىدۇ سوز.

كوزلەرنى چاقنىتار باغلاردا ئۈزۈم،
ھەرساپتىن تامچىلار ئىسسىق شىرنىسى.
چاكقىلار دىماقنى قوغۇنىڭ ھىدى،
قىپقىزىل ئانارلار — جانان چىھرىسى...

ئىخ! ئالتۇن كۈز ئەجەپ پاراۋان قويىنۇڭ،
مولچىلىق ئىلكىگە چۇمۈلگەن ھەريان.
بارچىنىڭ كوڭلى خوش، يۈزىدە كۈلكە،
ھەل بولغاچ بۇكەمدە ئارزۇ يۇ-ئارمان...

# «توي كۈنىدىكى بۇدرە قىلىنغان چاچ» ھېكايىسىنى ئوقۇغاندىن كېيىن

گۈزەل باھار پەسلى يېتىپ كېلىش بىلەن رەڭمۇ-رەڭ گۈللەر پۈرەكلەپ ئېچىلىشقا باشلىغىنىدەك، پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، بىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت گۈلزارىمىزدا ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ھەقىقىي ئەكس ئەتتۈرىدىغان خىلمۇ-خىل نادىر ئەسەرلەر ئارقا-ئارقىدىن بارلىققا كەلدى.

«يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1982-يىللىق 1-سانىغا بېسىلغان، يولداش مەتتىمىن ھەزرەتنىڭ «توي كۈنىدىكى بۇدرە قىلىنغان چاچ» ھېكايىسى ئەنە شۇنداق نادىر ئەسەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ساتىرىك خاراكتېرگە ئىگە ئىكەنلىكى، تۇرمۇش چىنلىقىنى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى بىلەن كىتابخانلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە ئالاھىدە جەلپ قىلىپ، كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ دىققەت نەزىرىگە سازاۋەر بولغان ياخشى ھېكايىدۇر. بىز «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنى قولىمىزغا ئالغىنىمىزدا بۇ ئەسەر تېمىسىنىڭ يېڭىلىقى ۋە بەدىئىي جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن بىزنى ئىختىيارسىز ئۆزىگە جەلپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىز بۇ ھېكايىنى زور قىزىقىشتا ئوقۇپ چىقتۇق.

ھېكايىدىكى ۋەقەلىك مۇنداق: مەلۇم بىر يۈز-ئابرويلۇق رەھبىرىي كادىرنىڭ قىزى رازىيە بىلەن يەنە شۇنداق ئابرويلۇق بىر كىشىنىڭ ئوغلىنىڭ تويى بولغان كۈنى مېھمانلار كېلىشىنىڭ ئالدىدا ياسانچۇق، شوھرەتپەرەس، ساختا گۈزەللىكنى قوغلاشقۇچى قىز رازىيە ھازىر چىقىۋاتقان غەلىتە نۇسقىدىكى كىيىملەرنىڭ ئالاھىدە مودىدا تىكىلگەنلىرىنى كىيىپ ياسىنىدۇ. ئۇ ئەينەكتە ئۆز ئەكسىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ چىرايلىقلىقىدىن مەمنۇن بولۇپ ھوزۇرلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سەل-پەل..... بۇرنى، قېلىن لىۋى، ئىنچىكە ھەم ئۇزۇن بويىنى ئۆزىگە ياراشمىغاندەك، ئۇنىڭ ئۈستىگە قويۇق چاچلىرىنىڭ بولمىغانلىقى ھەقىقىي گۈزەللىكىگە تېخىمۇ تەسىر يەتكۈزگەندەك تۇيۇلىدۇ-دە، ئۇچىچىنى كەستۈرۈپ بۇدرە قىلىشنى ئويلايدۇ. بۇ ئويى ئۇنىڭ يۈرىكىگە ئوت ياقىدۇ، رازىيە شۇھامان دوستى رەشىدەگە كۆڭلىدىن كەچكەنلىرىنى ئېيتىدۇ، رەشىدىمۇ ئۇنىڭ پىلانىغا قوشۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەقىقىي گۈزەل بولۇش ھەۋىسىنىڭ يالقۇنلۇق ئوتىدا يانغان رازىيە، قىز دوستلىرىنى ھەم باشقا مېھمانلارنى تاشلاپ ساتىراچخانىغا چاپىدۇ...

مۇھەببەتنىڭ ئەڭ مۇستەھكەم ئاساسى دۇنيا قاراش، قىز-يىگىت ئۆزىنىڭ گۈزەل ئەخلاقى-پەزىلىتى، خۇلقى مىجەزى جەھەتتە بىر-بىرىگە تەڭلىشىش ۋە يېقىش؛ غايە ئىستەك، ئىرادە جەھەتتە بىردەكلىككە ئىگە بولۇش، بىر-بىرىگە كۈچ-مەدەت ئىلھام بېرىپ، ئورتاق ئالغا بېسىشتۇر. مانا شۇنداق بولغاندىلا، بۇ خىل مۇھەببەت ھەقىقىي، گۈزەل مۇھەببەت بولۇپ سانىلىدۇ، بۇنداق



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مۇھەببەتنى يار-دوستلارمۇ، ئانا-ئانىلارمۇ، جەمئىيەتمۇ قوللايدۇ، ھەمداشلىق قىلىدۇ.

«توت كىشىلىك گۇرۇھ» يوقىتىلۇپ، نۇرغۇن ياشلار ئىدىيەدە ئازات بولۇپ، مۇھەببەت، نىكاھ ئىشلىرىدا ئەركىنلىككە ئېرىشىپ، مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش، سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنى گۈللەندۈرۈش يولىدا تەرەققىي قىلىۋاتقان بولسىمۇ، قىسمەن نادان، مەدەنىيەتسىز ياشلاركا ناي پۇشقاقلىق شىم كىيىش، ئۇزۇن چاچ قويۇش، چاچنى بۇدرە قىلىش، بەل تولغاپ ئۇسسۇل ئويناش قاتارلىق چاكىنا، بىمەنە قىلىقلارنى «يېڭى مەدەنىيەت» دەپ خاتا چۈشىنىپ يۈرمەكتە. ھېكايىدە تەسۋىرلەنگەن رازىيە ئەنە شۇنداق «مەدەنىيەت»نىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان مەلۇم ساندىكى قىزلارنىڭ بەدىئىي تىپىدۇر. ئۇ، ساختا گۈزەللىكنى دەپ ۋىژدان، نومۇس، ھايانى چۆرۈۋەتكەن.

رازىيەنىڭ «گۈزەل بولۇش» ئۈچۈن چاچ بۇدرە قىلىشنىڭ جەريانى ۋە ئاقىۋىتى تېخىمۇ قىزىقۇ ۋە كۈلكىلىك. رازىيە ساتىراچخانىغا باردۇ-دە، بۇدرە قىلىنغان چاچنى ئۇسقىلىرىنى تاللايدۇ، ئاندىن كېيىن ساتىراچ چاچنى يۇيۇپ-تاراپ ئۇنىڭ بېشىغا چاچنى بۇدرە قىلىدىغان سايمانىنى كەيگۈزىدۇ، ساتىراچ ئىشىدىشى بىلەن (كەسپدىشى بىلەن) ئۇزگېپىنى قىلىشىدۇ. رازىيەنىڭ «بېشىم قىزىۋاتىدۇ» دېگەن سوزىگە «قىزىمىسا بۇدرە بولامدۇ؟» دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن گۈزەل بولۇشنىڭ مەستانىسى چېچىكۇيىكىچە شىرىن خىيال سۈرىدۇ. ئۇنىڭ كوزئالدىغا مەھەللە بويلاپ قاتىرىسىغا تىزىلىپ كەتكەن چوڭ-كىچىك ماشىنىلار، تويىنىڭ جاراڭلىق نەغمە-ناۋاسى، مول يېمەك-ئىچمەك، ھەرخىل تويلۇق كىيىملىرى، مېھمانلارنىڭ ئۇزىگە تويماي تىكىلىشى قاتارلىقلار كېلىدۇ. شۇئارىلىقتا ئۇنىڭ بېشىدىن تۈتۈن چىقىۋاتقانلىقىنى باشقىلار ساتىراچقا ئېيتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ساتىراچ ئۇنىڭ بېشىدىن بۇدرە قىلىش سايمىنىنى ئالىدۇ-ھەم رازىيەنىڭ چېچىكۇيۇپ، بېشىنىڭ قويىنىڭ كاللىسىغا ئوخشاپ قالغانلىقىنى كورىدۇ. ئەينەكتە ئۆزىنىڭ بۇ ھالىتىنى كورگەن رازىيە قاخشاپ يىغلاشقا باشلايدۇ. ساتىراچ ۋە ئۇنىڭ كەسپداشلىرى تەسەللىي بېرىدۇ. بۇئەھۋالنىڭ ئۈستىگە رەشىدە كىرىدۇ. ئۇ، ئۇستىلارغا رازىيەنىڭ تويى بولۇۋاتقانلىقىنى، «باشلىقنىڭ قىزى» ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ساتىراچ بىلەن دۇكان باشلىقى بۇنى ئاڭلاپ قاتتىق چۆچۈيدۇ-دە، ئامال قىلىش ئۈچۈن قايا قىدۇ كېتىشىدۇ.

رازىيەنىڭ بۇئەھۋالىنى كورگەن بەزى كىشىلەر «ئۇزەم تاپقان بالاغا، نەگە بارايدىۋاغا» دېگەن شۇدە، يىغلىغان بىكار، دېيىشسە، بەزى كىشىلەر «چېچىنى بۇدرە قىلمىسا ئەرئالمامدىكىن»، «بۇمۇھەۋەس-دە» «ئاھە، مەدەنىيەتلىك بولۇشنىڭ شەرمەندىچىلىكى ....» دەپ مەسخىرە قىلىشىدۇ. ساتىراچ ئۇستا بىلەن دۇكان باشلىقى بىر سەنئەت ئۇمىكىدىن ئات قىلىدىن تەييارلانغان ياسىما چاچنى ئېلىپ كېلىشىدۇ.

سۇنئىي گۈزەل بولماقچى بولغان قىز يەنە سۇنئىي چاچنى كىيەمدۇ؟ كىمدۇ بىرى «ھەقىقىي گۈزەللىك — تەبىئىيلىكتە، پەقەت تەبىئىيلىكتە» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھېكايىنىڭ ۋەقەلىكى تاماملىنىدۇ.

بىزگە مەلۇمكى، ھېكايە-تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان بىرەر تۇرمۇش ۋەقەلىكى ئارقىلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى بىرەر مەسىلىنى، ياكى ئوزھەجىمگە قارىغاندا كەڭ، مۇرەككەپ بولغان تۇرمۇشنىڭ مەلۇم تەرىپىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ. پىرسوناژ — ھېكايىنىڭ جېنىدۇر.

يولداش مەمتىمىن ھەزرەتنىڭ بۇھېكايىسىدا، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى بۇ بىر تىپىك ۋەقە ئارقىلىق، تۇرمۇش چىنلىقى چوڭقۇر ئېچىپ بېرىلگەن.

بىز بۇھېكايىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە بولدۇق. ھەمدە

رىئال تۇرمۇشقا نەزەر سالدۇق. ھەقىقەتەن، يولداش مەمتىمىن ھەزرەتنىڭ ھېكايىسىدىكى سەلبىي پېرسوناژ رازىيەدەك سۈنئىي گۈزەللىككە بېرىلگەن، شۇنداقلا رازىيەدىنمۇ يامان ئاقىۋەتكە قالغان قىزلارنىڭ ئازئەمەسلىكىنى ھېس قىلدۇق. بۇھال پەقەت قىزلاردىلا كۆرۈلۈۋاتقىنى يوق، بەلكى بەزى ئوغۇللاردىمۇ بۇنداق ئەھۋاللار كەۋدىلىك ھالدا كۆزگە چېلىقماقتا. ئۇلار بۇنداق غەلىتە قىلىقلارنى «مەدەنىيەتلىك بولۇش» دەپ قارىماقتا ئېھتىمال، ئۇلار رازىيەدەك ئاقىۋەتكە قېلىشنى ئويلىمىسا كېرەك.

بۇ ھېكايە بەدىئىلىك جەھەتتىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان.

1) ئاپتور «كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە» بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار ئارقىلىق ۋەقەلىكنى دولقۇنسىمان راۋاجلاندۇرۇپ، باش تېمىنى روشەن ھالدا ئېچىپ بەرگەن. ئاساسىي پېرسوناژ رازىيە ئوبرازىنىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك ياراتقان.

2) ھېكايىنىڭ ھەجمى قىسقا، قىزىقارلىق، تىلى ساپ ھەم پىششىق ھەرخىل بەدىئىي ۋاستىلار ئۇزلا يىغىنداۋە مۇۋاپىق ئىشلىتىلگەن.

3) رازىيەنىڭ كەچۈرمىشلىرى ئارقىلىق بىر تەرەپتىن ئاددىي-ساددە توي قىلىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشنى ئوتتۇرىغا قويسا، يەنە بىر تەرەپتىن سۈنئىي گۈزەللىك، ياسالما ۋە ساختىلىقلارنى تۈگىتىشنى تەشەببۇس قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە «گۈزەل بولۇش» كويىدا مەستانە بولغان رازىيەگە ئوخشاش قىزلارنىڭ توي كۈنى، ھەتتاكى مېھمانلار يىغىلىپ بولغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ، كىشىنىڭ غىدىقى كەلگىدەك دەرىجىدە پەسلەر ئىكەنلىكىنى، ھايا، نومۇس ۋە ئەدەپ - ئادەتنى قايرىپ قويۇشتەك يارىماس قىلىقلىرىنى قاتتىق قامچىلىغان، رازىيەنى ساتىراچىخا-

نىدىلا كىشىلەرنىڭ مەسخىرىسىگە قالدۇرغان. ھېكايىنىڭ يېشىمى كىشىلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق بېرىلىپ، چوڭ يەپ، چوڭ ئىچىش ۋە ھەشەمەتلىك توي-مەرىكىلەرنىڭ رەھبىرىي كادىرلار ئارىسىدا تېخىچە تۈگەپ كەتمىگەنلىكى كۆرسىتىپ بېرىلگەن.

4) ئاپتور، رازىيە ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياراتقاندىن تاشقىرى، نەھايىتى ئۇستۇلۇق بىلەن غىل-پال ھالدا ساتىراچىنىڭ ئىددىيىۋى ھالىتىدىكى غەيرى نورماللىق، يەنى ئۆزكەسپىنى قىزغىن سۆيمەيدىغان، خىزمەتكە مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن قارىمايدىغان، ئۆز شەخسىي مەنپەئەتى ئۈچۈنلا چوت سوقىدىغان، نەتىجىدە كىشىلەرگە زىيان يەتكۈزۈپ، ئاممىنىڭ نەپرىتىگە قالغان ئايرىمچە بىر خاراكتېرنىمۇ قىستۇرما قىلغان.

دېمەك، ئاپتور ھېكايىدىكى ئاساسىي سەلبىي پېرسوناژ رازىيەنىڭ ساختا گۈزەللىككە بېرىلىشتەك شەرمەندە قىياپىتىنى، زىددىيەتلەر مەركىزىگە قويۇپ، رازىيەنىڭ ئۆزىگە خاس ئىندىۋىدۇئال خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىش بىلەن بىرگە پۈتۈن جەمئىيەتتىكى ياشلارغا مۇشۇ سەلبىي ساۋاق ئارقىلىق گۈزەللىكنىڭ سۈنئىي بولمايدىغانلىقىنى، سۈنئىي گۈزەللىككە بېرىلگۈچىلەرنىڭ پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرايدىغانلىقىنى ئاگاھلاندۇرغان.

بىز يولداش مەمتىمىن ھەزرەتنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن، تېخىمۇ مول ئىجادىي ئەمگىكى بىلەن خەلقىمىزنىڭ ماددىي، مەنىۋى مەدەنىيىتىنى يۈكسەلدۈرۈشكە كۈچلۈك مەدەت ۋە ئىلھام بېرىدىغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى كۆپلەپ يېزىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش ئىنستىتۇتى مىللىي تىل-ئەدەبىيات سىنىپىدىن: ئوبۇلھاشىم قاسىم، قادىر سىدىق، نىياز ئىمىن، مەمتىمىن ئەخمەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# پىروزا بىلەن يېزىلغان شېئىرلار

ئەمىن رەيھانى (لىۋان يازغۇچىسى)

## قىزىلگۈل شېخى

ئىشىق ئوتۇمنىڭ ئىزگىنىنى قويۇپ بېرىپ كەزدىم يىراق شەھەرلەرنى مەن.

چەت يۇرتلارنىڭ باغلىرىدا چاچسام ئۆز ئىشقىمنى مەن مۇددىتىدىن بۇرۇن ئېچىلىپ گۈللىدى ئۇ.

مەن ئۇنى قارا، قول تەگمىگەن يەرگە تەردىم ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدە زامانە گۈللىرى يىغلاپ كەتتى.

ئىشقىم گۈللىرىنى ئوت ھەم سۇلغا ئۈزچۈم-ئۈچۈملاپ چاچتىم مەن.

❀ ❀

ھۆررىيەت ۋادىلىرىغا تاشلىدىم، ئۇلارنى ئانارخىيە ئوتى كۆيدۈردى، ياۋا يىلقىپا يىلىرى دەسسىدى، يوق قىلدى.

ئىلىم چوققىسىغا ئۇلارنى تاشلىدىم، نوتىلىرىنى سوغ قۇرۇتۇپ، قالدۇقلىرىنى ئاداۋەت شامىلى بىلمە يەن نەگىدۇ ئۇچۇرۇپ ئېلىپ كەتتى.

پەلسەپە دەرياسىنىڭ تىنىچ قىرغاقلىرىغا ئۇلارنى تاشلىدىم، كۈن نۇرىنى كورمەي قويۇق كۆلەڭگىدە تۇرۇپ پولۇشۇپ كەتتى ئۇلار.

مەن ئۆز ئىشقىمنى مەدەنىيەتنىڭ سازلىق قېلىن ئورمىنىغا تەردىم، ئورمان ئىگەنلىرى ئۇنىڭ قېنىنى توكتى، ياۋايى تاغ ئالۇچىلىرى ئۇنى بوغدى، زەھەرلىك ئوتلار ئۇنى ئولتەردى.

ئۇنى سۆيۈملۈكلىرىم ۋە دوستلىرىم يېرىگە تەردىم، يالغانچىلىق ۋە مۇناپىقلىق سازلىقىدا، سېرىق سۇ ئاغرىقىدىن ئولۇپ كەتتى.

ئۇنى مەدەنىيەت تۈگمەنلىرىنىڭ قارشىسىدا تۇرغان سودا مەيدانلىرىغا، سەرراپ بىلەن روھانى ئويلىرى ئوتتۇرىسىغا تەردىم، ئۇنى دەسسىۋەتتى، قەلبىمگە بولسا سوتچى بىلەن يەپ ئىچىدىغان ئوغرىلار ئۈچۈن چوڭ كوچىدەك تاش تاختا يول سالدى.

مەن ئۆز ئىشقىم بىلەن كەمبەغەللەر ھەم بەختسىزلەر ئالدىغا باردىم، ئۇلارنىڭ قۇرۇق يەرلىرىگە ئۇرۇق چاچتىم، لېكىن ئۇلار ئۈنۈپ چىقمىدى.

مەن ئۇنى ئۇلار يېزىسىنىڭ ئانىسى تۇرغان ئوينىڭ ئالدىغا تەردىم، ئۇ ئۇنى يۇلۇپ ئېلىپ، مېنىڭ ئۆزەمگە قارىتىپ ئاتتى-دە: «ئۆز يولۇڭ بىلەن ماڭ، سېنىڭدىن ئاۋالمۇ بىزگە ئالدامچىلار كەلگەن، ئەمما ئۇلارنى ئولتەردۇق، پۇت-قولىدىن تۆۋرۈكلەرگە مىخلاپ قويدۇق، ياندۇرۇۋەتتۇق، بىز ھوقۇق-ئادالەتلىكنى تەلەپ قىلىمىز، لېكىن بەزلەش ۋە شەپقەت ئەمەس!» دىگەن سوزلەرنى قىلدى.

مەن كەمبەغەللەر مەلىسىدىن ئوتۇپ، ئوغرىلار ۋە جىنايەتچىلەر غارىدىن خارلانغانلار ۋە نەپرەت بىلەن قارالغانلار ئالدىغا باردىم.

ئۇلارنىڭ ئارىسىغا ئىشقىمنىڭ ساپ نوتىسىنى تىكتىم، لېكىن ئۇيەردە ئۇ ئاغرىقچانلىقتىن كوپ ئومۇر سۈرەلمەستىن، ئېچىلمايىلا توكەپ كەتتى.

## چەتئەل ئەدەبىياتىدىن

قايغۇ-ھەسرەت قاينىمىدا ئۆز-ئۆز ئۆمرىنى تۈگەتتى، مۆرتەدلەرنىڭ خۇدانى ھاقارەتلىگەن ئىشى ئۇنى قارغۇقىلدى. ئۇنى ئوغرى ھەم قاتىللار ئىپلاسلىقلىرىنىڭ سېسىق پۇرىقى بوغۇپ ئۆلتەردى. ئۇنى بۇزۇق ئادەم لەنەت كېپىنىگە ئورىۋالدى، ئۇنىڭ جەسەدى ئالدىدا بۇزۇق خوتۇن ئاغزىدىن ھاقارەتلەرنى ياغدۇردى. مەن شەھەرنىمۇ ۋە باشقا شەھەرلەرنىمۇ تاشلاپ، دېڭىزلاردىن ئۈزۈپ كەتتىم.

مەن ئۆز ئىشقىمنى دېڭىز سۇلىرىغا خۇددى ئىمىۋلكۈنى ئالماس ۋە مەرۋايىتلارنى چاچقاندەك چاچتىم.

ئۇنى مەن ئەتىگەنلىكلىرى چاچتىم — تولغۇنلار ئۈزرەڭگىمنى ئۇنىڭغا بولغان زوقىمدىن ئۆزگەرتمىشتى؛ ئۇنى كېچىلىرى چاچتىم، — ئاسمان-پەلەك ئۇنىڭ ئوتلىرىدىن چاقناپ كەتتى.

مېنىڭ ئىشقىم بۇلۇتلار بىلەن سوزلەشتى، — ئۇ جاۋاپ بەردى؛ ئۇ دېڭىزنى چاقىردى — ئۇمۇ سادا بەردى.

مېنىڭ ئىشقىم بارماقلىرىنى ئۇپۇققا تەككۈزدى — ئۇ خۇشاللىقتىن چاقناپ تىترەپ كەتتى ھەم ھاياجانغا چۈشتى.

مەن باھار تېگىدا ئۆز مۇھەببىتىمنى يېڭى يەرگە ئېۋەتتىم، — ئۇ كەتتى ۋە ماڭا قايتىپ كەلمىدى.

مەن لىۋان چوققىلىرىدا تۇرۇپ ئۇنى چاقىردىم، — لېكىن ئۇ ماڭا جاۋاپ بەرمىدى.

مەن ئۇنى ئۇپۇقتا، ئۇنىڭدىن كېيىن شەرقتە ھەم غەرپتە ئىزلىدىم، — ئەمما ئۇنى تاپالمىدىم.

مەن ئىككىنچى قېتىم ئىشقىمنى يولسىز تەنەپ يۈرسۇن دەپ قالدۇرۇپ كەتتىم.

ئىككىنچى قېتىم ئۇ ئۆز زوقىدا مېنى تاشلاپ چېپىپ كەتتى ۋە ئۇنى سېغىنىپ ھەسرەت ئوتىدا يېنىش مەن ئۈچۈن ئازاپ! ئۇنىڭغىمۇ ئازاپ!

× × ×

مەن ئۆز ۋەتىنىمدە، بوۋىلىرىم ئۆيىدە، كۈچلۈك ئادەمنىڭ كەتمەن چېپىش لەززىتىنى بىلىپ قالغان يەرگە قىزىل گۈلنىڭ ياش نوتىسىنى تىكتىم.

مەن ئۇنى تىكتىم، ئۈمىت ماڭا غەيرەت بېرىپ، جۈرئەت تىلىمىنى باغلاپ قويدى.

مەن ئۇنى مەدەنىيەت ۋە ئادەملەردىن يىراق قىلىپ، ئىشەنچلىك ساقچىسى بار، ئېتىۋارلىق جايغا تىكتىم. ماڭا ئەمدى ئۇنىڭ قۇلاقلىرى پاك بولامدۇ، يا ئېچىلامدۇ، بەرىبىر.

ئەگەردە ئۇلارنىڭ قەلبلىرى تاشقا ئايلانسا ياكى لاي بولسا، يا بولمىسا ئېرىقتىكى سۇ بولۇپ ئېقىپ كەتسە، مېنى پەقەت ئەجەپلەندۈرمەس ئىدى.

يەر-سەن مېنىڭ ئانام؛ ھازىر مەن ئولتۇرغۇزغان قىزىل-گۈل نوتىسىنى باغرىڭغا باسقاندەك، سەن مېنىمۇ ئۆز باغرىڭغا باسقان كۈنى، مېنىڭ خوشاللىقىم چوققىسىغا چىقىدۇ.

يەر-سەن دائىم تىرىكسەن؛ سەن دائىم ھەر نەرسىنى پەيدا قىلىپ، دائىم تۇغىسەن.

سېنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىڭ قانداق بولمىسۇن، ساڭا بولغان تۇيغۇ ئۆلمەيدۇ، سېنىڭ يۈرىگىڭدىكى ئوتلار ئۆچمەيدۇ،

كۈز سېنىڭ قۇلاقلىرىڭدىكى پەردەڭنى ئېلىپ تاشلايدۇ، قىش سېنىڭ يۈرىگىڭنى يۇمشىتىدۇ، ئەتىياز سېنىڭ تىللىرىڭنى ھەركەتلەندۈرىدۇ، ياز ساڭا ئۆز تېنىڭنىڭ مېۋىلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

ئەتىيازلىقى كىم سۆزگە سېنىڭدىن ئۇستىراق؟ كىم سېنىڭدىن سېخى ۋە مەرتىرەك؟

قىشتا سىزىش ۋە ھاياجاندا كىم سېنىڭدىن ئۇلۇغۋارراق؟ كۈزكۈنى كىم سېنىڭدىن دىققەتلىكرەك؟

يەر كىم سېنىڭدىن شەپقەتلىكرەك؟ كىم مېھرىۋانراق، رەھىملىكرەك ھەم يۇۋاشراق؟

سەن بىزدىن ئەسكىلىكنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا بىزگە گۈللەر بېرىسەن.

سەن يېزىنىڭ ئاغرىقلىرىمىزنىڭ ئەسكى پۇراقلىرىنى ئېسىڭگە ئېلىپ، بىزگە ئۇنى خوشپۇراق قىلىپ ياندۇرۇپ بېرىسەن.

ئاسمان ساغاساپ سۇلارنى توكۇپ بېرىدۇ، ئادەم بولسا ئۇنى پاسكىنىلاشتۇرىدۇ، سەن بولساڭ مەرھەمىتىڭ بىلەن ئۇنىڭغا ياخشىلىقلار ھەمدە بايلىقلار توكىسەن. مېنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىمنىڭ يېرى، ئەندى سەن ماڭا ئۆز قەلبىڭنى ئاچ!

ماڭا قاتتىق بولما، مېنىڭ ئۈمىت ھەمدە ئەمگىكىم ئۈستىدە كۈلمە، مېنىڭدىن ئۆزۈغلىرىڭنى مەڭگۈ يوشۇرۇپ قالما.

ھەي، يەر، سېنى مېنىڭ ئاتام يۇمشاتقان، مېھنەت قىلغان؛ ئانام بولسا سېنىڭ دەرەخلىرىڭ سايىسىدا ئولتۇرۇپ ئىبادەت قىلغانىغۇ! مېنىڭ ئۈمىتلىرىمنى ھاك تاشلارغا بەرمە، ئۇنى تاغ چوققىلىرىغا ھەيدەپ ئەپچىقما. ئۇ يەردە، ئۇ، قار ۋەشۋىرغانلاردىن ئۆلۈپ قالىدۇ.

---

مەن مېنىڭ باللىق چاغلىرىمدا ئېيتقان ناخشىلىرىم ھەم ۋاقىرىغان ئاۋازلىرىمنىڭ ئەكس سادىسىنى بەرگەن يان باغرىلارغا، ياشلىق مېنى تاشلاپ كەتكىچە، مەن ئۇنى تاشلاپ كەتكەن يەرگە قىزىلگۈلنىڭ ياش شېخىنى تىكتىم.

مەن يەر بىلەن تىل ئارقىلىق ئەمەس، بەلكىم قوللىرىم بىلەن سۆزلىشىشكە باشلىدىم؛ ئۇنى تازىلىدىم ۋە كىچىك گۈرجەك بىلەن كولىدىم.

مەن ئۇنى ھايۋانلار چىقىرىپ تاشلايدىغان قارانەرسىلەر بىلەن، چۆلدە قۇياشنىڭ سۇيۇنىشىدىن چاقنايدىغان ۋە قىرغاقلاردا دولقۇننىڭ سۇيۇنىشىدىن ئېرىيدىغان ئالتۇندەك نەرسە بىلەن تويغۇزدۇم.

مەن شېخىمنى قەلبىمنىڭ سۈيى بىلەن سۇغاردىم ۋە بىرىنچى كۈنلىرى يورۇقلۇقتىن توسۇپ تۇردۇم.

مەن ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىشۋەزوقۇم چېدىرىنى قۇردۇم. قىشتا ئۇنىڭ چورىسىگە كۈزنىڭ سۇلغان يۇپۇرماقلىرىنى چاچتىم.

مەن يەرنىڭ جاۋابىنى ۋە ئۇنىڭ قارارىنى كۈتۈشكە باشلىدىم.

مەن نەچچە قېتىم شېخىمنى يوقلاپ بېرىپ، خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ شاخلىرىنى سىلكىتتىم، ئەمما ئۇنىڭدا يا ھايات، يا ھالاك بولۇشنىڭ بەلگىسى بىلىنمەيتتى.

مەن نەچچە قېتىم ئۇنىڭغا دىققەت بىلەن قارىدىم ۋە خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن ھەر تەرەپكە ئۇنى ئايلاندۇردۇم.

نەچچە قېتىم ئۇنىڭ ئالدىدا توختاپ تۇردۇم، قەلبىم بولسا بىردە ئۈمىت، بىردە ئەلەمدىن ھاياجانلىناتتى.

بوۋىلىرىمنىڭ يېرى نەزەر تەككەن يەردۇر — ئۇنىڭ نەزىرىدە مېنىڭ ئىجتىھادىم پايدىلىقتۇر.

ئانامنىڭ يېرى نەزەر تەككەن يەردۇر — ئۇ مېنىڭ ئەمگىكىم ھەمدە غەمخورلۇقىم شېخىدا ئېچىلغان قىزىلگۈلنى ماڭا كۆرسىتەر.

يەر مېنىڭ بىلەن مۇلايىم سۆز باشلىدى. يەر مېنىڭ قىلغان مۇراجىتىمگە جاۋاپ بەردى، يەر ئىشقىم سادىسىنى ئەكس ئەتتۈردى. مانا بۇ قىزىلگۈل شېخى گۈدەكلەردەك تىپىرلىدى.

ئۇنىڭ لەۋلىرىدە ھايات ئوتى چاقناپ كەتتى، مېنىڭ پىشانەم ھەمدە قوللىرىمدىن تەر بولۇپ ئېقىپ چۈشكەن جانلىق سۇۋۇم ئۇنىڭ قەلبىگە مىۋە بەردى.

ئۇنىڭ لەۋلىرىدە ئالتۇن پەردە بىلەن ئورالغان كىچىككىنە غۇنچە باردۇر، ئەتە ئەتىگەندە ئۇ كوكۇشرەڭگە كىرىدۇ، مەرۋايىت بولسا نېمىز گۈزەل زۇمرەت تاشقا ئايلىنىدۇ.

كېيىن زۇلمەت بولسا، قەلبىمدە كۆزگە كۆرۈنمىگەن سانسىز قىزىلگۈللەر ۋەھشى پىسىز ھايات يوغۇنلىرى بولغان يېشىل قۇلۇلە قېپى بولۇپ ئوسۇپ چىقىدۇ.

ئۇنىڭ قەلبىدە تېخى تىكەن چۈشەنچىسىگە ياكى نامىغا ئىگە بولمىغان ياش، ئاجىز تومۇر

ئەتراپىغا ئورالغان نەملىك كىچىك يوپۇرماقلار بار.

ئۇنىڭ قەلبىدە شاخلار، شاخلارنىڭ قەلبىدە قىزىلگۈل، قىزىلگۈل قەلبىدە ئۇرۇقلار، ئۇرۇقلاردا بولسا، پايانسىزلىق ۋە ئەبەدىي ھايات مەۋجۇتتۇر.

☆ ☆ ☆

ئاتا-بوۋىلىرىمنىڭ روھى مېنىڭ بىلەن سۆزلىشىشكە باشلىدى، مېنىڭدە ئۈمىت ئوتىنى ياندۇردى، ئىشقىم پەرزەندىنى باغرىغا باستى ۋە ئۆلۈم ھالىدىكى ئۇنى جانلاندۇردى.

ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ مەڭگۈ ھاياتلىق دەملىرىنى سېلىپ، ئۇنىڭ تىلىنى ھەركەتكە كەلتۈردى.

ئۇ ئىشىق، گۈزەللىك، دانالىق ۋە ئۈمىتنىڭ تەسىرلىك سۆزلىرى بىلەن گەپ قىلىدۇ، مېنىڭ چېچەنلىگىم بىلەن ئۇنىڭغا تەڭ بولۇش نەدە؟

يەر پەقەت روھلاندۇرۇش ئۈچۈنلا سۆزلەيدۇ: ئۇ گۈل ۋە مېۋىلەرنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈنلا سۆز بىلەن مۇراجەت قىلىدۇ.

ئۇ ئۆز ئۆمرىدە بىر قېتىممۇ «ياق» دەپ ئېيتمىدى. ئەگەر ئۇنىڭ جاۋاۋى قانائەتلىنەرلىك بولغاندا، ئۇنىڭغا «ماقۇل» سۆزى ئەگەر توغرا كەلسە، ئەبەدىي ئۈنچىقماسلىق بىلەن خىزمەت قىلاتتى.

ئۇنىڭ ھەممە ھېكمەتلىك سۆزلىرى ئاجايىپ، ھەممە سۆزلىرى تەسىرلىك، ھايات بەخشتۇر.

ئاھ، قېنى ئەمدى، ئەگەر ئۇ ئۆز ئوغۇللىرىنى گۈزەل، روھلۇق ۋە ئۈنۈملۈك سۆزلەرگە ئۆگىتەلىسە!

ياكى ئۆز ئوغۇللىرىنى ئۇ جىم تۇرۇشقا ئۆگىتەلىسە.

مەن يەرنىڭ: «مەيلى سېنىڭ ماڭا بىر تال دانەڭ بولسىمۇ ئىشەنچلىك بولسۇن، سەن ماڭا بىر سائەت ئىش ۋاقتىڭنى قۇربان قىل — مەنمۇ ساڭا ئۇنىڭ بەدىلىگە يۈز مىڭ ھەسسە ئارتۇقراق قىلىپ ئىشقى-مۇھەببەت ۋە ئۈمىت، خۇشاللىق ۋە ھوزۇر ھالاۋەت، كۈچ ۋە غەيرەت، بۈگۈنكى بىرمۇ ئىنسان بەختلىك بولالمىغان ئاددىي پاك ھايات بېرىمەن» دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلىدىم.

× × ×

مەن تىككەن قىزىل گۈلنىڭ ھەر بىر نوتىسى — بۇ يەرنىڭ تاتلىق سۆزلىرى: بۇ ئانىنىڭ ئوغۇللىرىغا ئەۋەتكەن مۇھەببىتى.

ئۇنىڭ ھەر بىر غۇنچىسى — تۇرمۇشنىڭ بىر تۈگمىنى، بۇ ھاياتنىڭ سىرلىرىدىن بىرى.

سەن، قىزىل گۈل، قايسى ئەسىردە تۇغۇلغان سەن؟ قانداق يەر سېنىڭ بىرىنچى گۈللۈكىنى كۆرۈپ، سېنىڭ دەسلەپكى خۇشپۇرىقىڭنى پۇرىغاندۇ؟

كىم سېنىڭ بىرىنچى ئۇرۇقىڭنى تەرگەندۇ؟ كىم سېنىڭ بىرىنچى شېخىڭنى يەرگە تىككەندۇ؟

سېنىڭ بىرىنچى شاخلىرىڭنىڭ ئەۋلادلىقىنى كىم دالىدىن باغقا، ۋادىدىن ئىنسان گۈلزارىغا كۆچۈرۈپ كەلدىكەن؟

ئاھ ياۋايى قىزىل گۈل، سىرلار گۈلى، قايسى ئورمانلاردىن پەيدا بولدۇڭسەن؟ ئۆسۈملۈكلەر دەرىجىسىدە قايسى ئىنگىزلىككىچە كۆتۈرۈلدۈڭسەن؟

يەر پەقەت تېپىشماققا ئوخشاش قىلىپ سۆزلەيدۇ، ئۆز سىرلىرىنى بالىلىرىغا ئېيتىشقا ئىشەنمەيدۇ.

سەۋەبىنىڭ باشلىنىشىدىن ساقلان، سەۋەبىنىڭ نېگىزىنى سورۇشتۇرمە.

كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىڭغا دىققەت نەزىرىڭنى سال، ئەگەردە سىرلارنىڭ سىرى ساقلىنىدىغان سارايغا كىرىشنى خالىساڭ، ئۇچاغدا ئۇنىڭ بوسۇغىسىدىن ئۆتۈشتىن ئالدىن روھىڭنى پاكلا.

× ×

مەن بۇ يېڭى غۇنچىلارنىڭ پەيدا بولۇ-
شى ۋە ئۇسۇشلىرىنى كۆزىتىپ تۇرۇپ ئاجايىپ
بىر ھوزۇر، راھەت ھېس قىلىمەن.

ئەزبىرايى خۇدا، ئانا ئۇزبالىسىنىڭ
چىشلىرىنى سانىغاندەك، مەنمۇ ئۇلارنى نا-
ھايىتى جىق سانىغانمەن.

قۇشلار ئۇز ئۇۋىلىرىنى ئىزلىگەندەك،
مەنمۇ ئۇلارنى نۇرغۇن قېتىم ئىزلىگەنمەن.
شاماللار شاختىن ئۈزگەن غۇنچە ئۈچۈن مەن
ھەسرەت چەكتىم — يەنە قانچە ھەسرەت چې-
كەرمەن، ھە!

لېكىن خۇشاللىقنىڭ ئۆمۈرى قىسقا بو-
لىدۇ، نەرسىلەرنىڭ ماھىيىتى مۇستەھكەم-
لىنىشتىن ئەۋەل ئىرىپ كېتىدۇ.

× × ×

بەلا! مەن قىزىلگۈلگە يې-
قىن كېلىشتىن قورقۇشقا باشلىدىم! ئۇنىڭ
نوتىلىرى كۆپىيىپ، شاخلىرى چىرمىشىپ،
تىكەنلىرى كۈچلىنىپ ئالدى.

بەلا! مەن ئۇنىڭغا ئەۋەلقىدەك، غۇنچى-
لارنىڭ پەيدا بولۇشىغا ۋە شاخلارنىڭ ئۇ-
سۇشىگە قارىغاندەك قارىمايدىغان بولدۇم.

قىزىلگۈلنىڭ بارلىقىدىن ماڭا ھوزۇر
بارمۇ؟ ئۇ ماڭا بىرقېتىم بولسىمۇ، ئۇنىڭ
خۇشبۇيىنى پۈرۈتۈشتىن ئەۋەل مىڭلارچە تى-
كىنىنى كورسىتەر.


## مۇشتىرى بولىشىڭىزلارنى قارشى ئالىمىز

«ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژورنىلى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت-مائارىپ باشقارمىسى تە-
رىپىدىن نەشر قىلىنىۋاتقان، ئۇيغۇر كونا يېزىقىدا چىقىدىغان پەسىللىك ئەدەبىي ژورنال.

بۇ ژورنالدا ئەدەبىيات تىمىزنىڭ ھەممە ژانىرلىرىغا مۇۋاپىق ئورۇن بېرىلگەندىن
باشقا، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات نەمۇنىلىرى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تونۇشتۇرۇلۇپ
كەلمەكتە. ژورنال سەھىپىسى مەزمۇنغا بىرقەدەر باي، ئەسەرلەرنىڭ شەكلى خىلمۇ-خىل ھەم
قىزىقارلىق بولۇپ كەڭ كىتابخانلارنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ئېرىشمەكتە.

«ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژورنىلىنىڭ ئاممىغا يۈز كورۈشكىنىگە 3 يىل بولدى. كې-
لەر يىلى (83-يىلى) مەملىكەت بويىچە ئاشكارا تارقىتىلىدۇ ۋە 1-پەسىلدىن باشلاپ ھەر
قايسى پوچتا تارماقلىرى ئارقىلىق مۇشتىرى قوبۇل قىلىنىدۇ. ژورنال باھاسى 30 فۇڭ،
يىللىق ئابۇنە ھەققى 1.20 يۈەن. ژورنالنىڭ ۋاكالەت نومۇرى 47—58

كىتابخانلارنىڭ ژورنىلىمىزنىڭ 1983-يىللىق سانلىرىغا ھازىردىن باشلاپ مۇشتىرى
بولىشىڭىزلارنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

ئاقسۇ مەمۇرى مەھكىمە مەدەنىيەت-مائارىپ باشقارمىسى

«ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژورنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

# ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىن

## «جاپانى كىم تولا چەكسە، گوھەرنى شۇ ئالۇرتاشتىن»

### ياش شائىر يولداش ئابدۇللا سۇلايماننىڭ «يۇرۇڭقاش ناخشىلىرى» ناملىق شېئىرى توپلىمى نەشر قىلىنغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن



بىز شىنخۇا كىتاپخانىسىنىڭ ئۇيغۇرچە كىتاپلار تىزىلغان بوتكىسى ئالدىغا كەلسەك، بىر نەچچەيلەن قايسى بىر كىتاپنى قول-دىن-قولغا ئۆتكۈزۈپ كۆرۈشكەچ، ئۆز ئارا پىكىر ئالماشتۇرۇۋات-قان ۋە كىتاپ ئاپتورى ھەققىدە قىزغىن پاراڭلىشىۋاتقان ئىكەن. ئۇلارنىڭ گەپ-سۆزلىرى بىزنىڭ دىققىتىمىزنى ئىختىيارسىز ھال-دا ئۆزىگە تارتقاچقا، كىتاپ تاللىغاچ، بولىۋاتقان پاراڭلارغا قۇلاق سالدۇق...

— «يۇرۇڭقاش ناخشىلىرى»، كىتاپنىڭ ماۋزۇسىنىمۇ خېلى جايىدا تاللاپتۇ، ھە...

— ئىچىدىكى ئەسەرلەرنىڭمۇ مەزمۇنى ياخشىكەن...

— قايسى ئورۇندا ئىشلەيدىغاندۇ؟...

— خوتەن سىفەن جۇەنكى مەكتىۋىنىڭ ئەدەبىيات پاكولتىتىدا ئوقۇتقۇچىكەن.

— «يېڭى قاشتېشى» ژورنىلىدىمىكىن دېۋىدىم؟...

— پەرىزىڭىزمۇ توغرا، ژورنالنىڭ تەھرىر ھەيئەتلىگىدە بار.

— ياشانغان كىشى ئوخشىمامدۇ؟

— ياق ئەي، يېشى 31-32 لەردە بارغۇ دەيمەن.

— ياشكەن تېخى، نەدە ئوقۇپتىكەن؟

— قەشقەر سىفەن شۆيۈەندە، بىز بىر سىنىپتا ئوقۇغان. ئوقۇغان چاغلىرىدىمۇ باش كۆتەرمەي يازىدىغان، ئاھايىتى تىرىشچان ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرى ئىدى...

### خوتەندە ئوقۇتقۇچى شائىر

— «جاپانى كىم تولا چەكسە گۆھەرنى شۇ ئالۇر تاشتىن» دەپ بىكار ئېيتىلمىغان-دە. ئەشۇنداق تىرىشچانلىق، ئەشۇنداق ئۆزمەي مەشق قىلىش روھى بولمىسا، قىسقىغىنا بىر نەچچە يىلدا «يۇرۇڭقاش ناخشىلىرى» دەك بىر كىتاپنى جاماھەت بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس-تە!

— مۇشۇ كەمدە قەلەمكەشلەرنىڭ غەيرىتى بوش ئەمەس جۇمۇ، پۇرسەت، ئىمكانىيەتمۇ كەڭرى.

— يېزىپ تۇرۇڭلار شائىرلار، كۆرۈپ تۇرايلى....

ئۇلارنىڭ بىرسى بىر ئېغىز، يەنە بىرسى يەنە بىر ئېغىزدىن سۆز قىلىپ «يۇرۇڭقاش ناخشىلىرى» دىگەن شېئىر توپلام ۋە ئۇنىڭ مۇئەللىپى ئابدۇللا سۇلايمانغا باھا بېرىشتى، ئاندىن كېيىن ھەربىرسى بۇ كىتاپتىن بىردىن سېتىۋېلىپ چىقىپ كېتىشتى.

ئۇلار چىقىپ كەتتى، بىراق، ئۇلارنىڭ خالىسانە باھاسى بىزنىڭ كۆڭلىمىزنى سۆيۈندۈردى، دىلىمىزغا مەھكەم ئورنىشىپ قالدى.

بىز ھېلىقى كىشىلەرنىڭ ئاغزاكى «ئوبزورى» (شۇنداق دېيىش خاتا بولمىغان تەقدىردە) پەيدا قىلغان ئىلھام تۈپەيلىدىن «يۇرۇڭقاش ناخشىلىرى» ناملىق شېئىر توپلامىنىڭ مۇئەللىپى يولداش ئابدۇللا سۇلايماننى زىيارەت قىلماقچى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي يولى بىلەن تونۇشۇش ئۈچۈن پاراڭلىشىپ كىرمەكچى بولدۇق....

☆ ☆

بىز ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرگەن چېغىمىزدا، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىككىنچى شېئىرى توپلىمى — «قار-قاش ناخشىلىرى»نى كۆچۈرۈپ، نەشرگە تەييارلاۋاتقان ئىكەن.

بىز ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن سالاملاشتۇق. ئاندىن نىمە مۇددىئا بىلەن ئىزدەپ چىققانلىقىمىزنى ئېيتتۇق. بىزنىڭ مەقسىدىمىزنى ئۇققاندىن كېيىن، سەل-پەل تەڭقىسلىقتا قالغاندەك بىر ھالدا ماۋۇلارنى سۆزلەپ بەردى:

—....تەرجىمھالىمدىن سۆز ئاچسام، — دىدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، — ناھايىتى قىسقا، ئازلا بىر نەرسە دىيەلىشىم مۇمكىن. مەن 1952-يىلى ئاپرىلدا چىرىيە ناھىيە دامىكۇ گۇڭشې تاللىق يېزىسىدا تۇغۇلدۇم. 1956—1963-يىللىرىغىچە ئۆز يېزامىدىكى باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز مەكتەپلەردە، 1966-يىلىغىچە چىرىيە ناھىيىلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە، 1973-يىلدىن 1976-يىلىغىچە قەشقەر سىفەن شۆيۈەننىڭ تىل-ئەدەبىيات پاكۇلتېتىدا ئوقۇدۇم. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن شۇ مەكتەپنىڭ ئۆزىدە — 1979-يىلىغىچە ئوقۇتقۇچىلىق قىلدىم. ھازىر خوتەن سىفەن جۇەنكى مەكتىۋىنىڭ تىل-ئەدەبىيات پاكولتېتىدا دەرس بېرىۋاتىمەن.

— تۇنجى مەشقىم 1964-يىلى، 12 يېشىمدا «خوتەن گېزىتى»دە ئېلان قىلىندى. مەن تولۇق

ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇپ يۈرگەن چاغلىرىمدا، مەكتىۋىمىزدىكى ئەدەبىيات كورژوكىغا قاتناشتىم، بۇ كورژوك نەشر قىلغان «كۈنىمىزنىڭ چېچەكلىرى» ناملىق مەكتەپ ژۇرنىلى مېنىڭ دەسلەپكى شېئىرى ھەۋەسىمنى ئويغاتتى. قەشقەر سىفەن شۆبىيۈەنىنىڭ تىل-ئەدەبىيات پاكولتېتىدا ئوقۇغان 3 يىل ۋە سىنىپداشلىرىم ئىچىدىكى ھەۋەسكار قەلەمكەشلەر ئارىسىدا بولىدىغان دائىملىق يېزىق ھەمكارلىقى، جۈملىدىن ئۈزمەي، تىرىشىپ ئىزلىنىپ بارغان ئەدەبىي مەشقلەر مېنىڭ بۈگۈنكى ئىجادىيەت يولۇمنىڭ ئاساسى بولۇپ قالدى. مەن شۇ يىللاردا «خالاستاننىڭ باھارى»، «باھار قالغىچى» ناملىق نەسرلەرنى؛ «شائىرلىق ئەنئەنە» قاتارلىق باللادىلارنى ئۆزئىچىگە ئالغان 200 پارچىدىن ئارتۇقراق شېئىر يازدىم. بۇ يازمىلىرىمنىڭ بىر قىسمى «شىنجاڭ گېزىتى»، «قەشقەر گېزىتى»، «قەشقەر ئەدەبىياتى»غا ئوخشاش گېزىت-ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان ئىدى...

«4 كىشىلىك گۇرۇھ» ئاغدۇرۇلۇپ، ئەدەبىيات-سەنئەتتە، جۈملىدىن مېنىڭ ئىجادى ھاياتىمدىمۇ يېڭى گۈللىنىش دەۋرى بارلىققا كەلدى، بۇ يىللاردا مەن «چەكلەنگەن رايون»لارغا دادىللىق بىلەن «بوسۇپ كىرىش»كە جۈرئەت قىلدىم. «بۇكۇچىدىن ئەخمەتجان ئۆتكەن»، «تاشچى»، «مېھرىۋاننىڭ ھېكايىسى»، «ھايات غەزەللىرى»، «ئىپتىخارلىق ناخشىسى»، «ۋەسال پەيتىدە»، «تەسىراتلار ئەينىكىدە»، «ناخشا مۇھەببىتى»...گە ئوخشاش داستان، باللادا، چاتمىلار، ۋە «ئۆرۈك چېچەكلىگەندە» قاتارلىق نەسرلىرىم ئەنە شۇلارنىڭ بىر قىسمىدىن ئىبارەت.

مەن كىلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى، ئەدەبىي تەرجىمە ساھەسىدىمۇ بەزى ئىزدىنىشلەرنى قىلىپ كۆردۈم ۋە قىسمەن نەتىجىلەرگە ئېرىشتىم، دېسەم بولىدۇ....

مېنىڭ شوئارۋازلىق، قېلىپچىلىق ۋەكالىندارچىلىقنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ ئىجات قىلغان بىرنەچچە يىلىم ـ ئىجتىمائىي-تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنى بەدىئىي ئوبراز ۋاستىسى ئارقىلىق كۆرسىتىپ بېرىشنى ئاساس قىلغان، تېما دائىرىسى بىرقەدەر كەڭ، ئاممىغا يېقىنلاشقان بەدىئىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان يىلىم بولدى. شۇنداق بولغىنى ئۈچۈن يازغانلىرىمنىڭ ئىچىدە «پىكىر بولۇش» ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا شەكلى خىلمۇ-خىل، مەزمۇنى بىرقەدەر چوڭقۇر ۋە باي، جانلىقلىققا ئىگە بولالىغانلىرى مەلۇم سالماقنى ئىگەللىدى، شۇڭا ئۇ كىتابخانلارنىڭ ئىجابىي باھاسىغا ئېرىشتى. بۇ نۆۋەتتە، مەن 1979-يىلى «تارىم» ژۇرنىلى تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى مۇكاپاتلاش يىغىنىدا، «ئاممىۋى مەدەنىيەت» ژۇرنىلى ئۇيۇشتۇرغان سەھنە ئەسەرلىرى ئىجادىيەت مۇكاپاتى يىغىنىدا، 1981-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ 30 يىللىق مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى باھالاش- مۇكاپاتلاش يىغىنىدا ۋە شۇ يىلى ۋىلايىتىمىز بويىچە «4 كىشىلىك گۇرۇھ» يوقىتىلغاندىن كېيىنكى ئىجات قىلىنغان مۇنەۋۋەر

ئەسەرلەرنى مۇكاپاتلاش يىغىنىدا «گۈلۋاغ ناخشىلىرى»، «باغۋەنگە مۇھەببەت»، «جەنۇپ غەزەللىرى»، «بۇ كوچىدىن ئەخمەتجان ئۆتكەن» قاتارلىق شېئىرى ئەسەرلىرىمنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى دەرىجىلىك ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلىكىمنى دەلىل قىلىپ كۆرسەتتەلەيمەن.

ئىجادىيەتتە بېسىپ ئۆتكەن يولۇمنىڭ قىسقا بولۇشىغا نىسبەتەن، تىرىشچانلىقىم نەتىجىسىدە، مەھسۇلاتىم مەلۇم دەرىجىدە سەمەرىلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، مەن 1981-يىلى چاقىرىلغان ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر 3-نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ يىغىنغا قاتناشتىم ۋە يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزالىقىغا سايلاندىم. ئۆتكەن يىلى يەنە غەربىي-شىمال رايونى يېزىقچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى بولدۇم.

ئۇ بىزگە، ئۆزىنىڭ قىسقىغىنە 30 ياشلىق ھاياتى، بىرنەچچە يىللىق ئىجادىيەت يولى داۋامىدا بېسىپ ئۆتكەن مۇساپىسىنى سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن، سۆزىنى خۇلاسىلاپ مۇنداق دېدى:

— مەن تېخى ياش، باشقا كەسپداشلىرىمغا سېلىشتۇرغاندا ئىجادى تەجرىبەم كەم. ئەمما، مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، مەغرۇرلانماي، پېشقەدەملەرنىڭ تەجرىبىلىرىدىن ئۆگىنىپ، جاپاغا چىداپ مەشق قىلىش، ئىجات قىلىش روھىنى داۋاملاشتۇرالايدىغان بولسام، پارتىيىمىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەتنى «خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش» يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى سېپىدىكى قاينام-تاشقىن تۇرمۇش ئىچىگە تېخىمۇ چوڭقۇر چۆكەلىسەملا، ئاممە سۆيۈپ ئوقۇيدىغان يېڭى، ياخشى ئەسەرلەرنى يارىتالىشىم شەك-شۈبھىسىز....

بىز ياش شائىرنىڭ ئۆز ۋەدىسىنى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرالايدىغانلىقىغا ئىشەنگەن ھالدا، ئۇنىڭغا تېخىمۇ زور ئىجادى مۇۋەپپەقىيەت، مول مېۋە تىلەپ خوشلاشتۇق ۋە ئۇ تەقدىم قىلغان «يۇرۇڭقاش ناخشىلىرى» ماۋزۇلۇق شېئىر توپلىمىنىڭ مەزمۇنىدىن تارتىپ بەدىئى مۇۋەپپەقىيىتىگىچە پاراڭلاشقاچ، ئۇنىڭ سۆزلەپ بەرگەنلىرىنى ئۆز پېتى خاتىرىلەپ، كىتاپخانلارغا تونۇشتۇرماقچى بولۇپ قايتىپ كىردۇق....

تەھرىر بۆلۈم

# شېئىرلار

ئابدۇللا سۇلايمان

## ئالتۇنچىنىڭ سۆزى

يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ باش تەرىپىدە،
ئېگىز-پەس قارلىق تاغلار تىزمىسى بار.
بوك توقاي-ساھىللىرى يېشىل دۇنيا،
گويا كى سۈرەتچىنىڭ سىزمىسى بار.

قېدىمدىن تارتىپ بىزنىڭ ئەجدادىمىز،
ئالتۇن كان ئاچقان ئىدى شۇ تاغلاردىن.
قىلغانتى غارنى ماكان كۆپ ئىسيانكار،
تەگمىگەچ پانالىقجاي گۈلباغلاردىن.

بۇ كەچمىش قىسسە بولۇپ ئەل تىلىدا،
تاغلارمۇ چوكتى كېيىن ئۇيقۇسىغا.
قاچانكى دومنا پېچكە رودا قازدۇق،
جوتۇلار ئۇرۇپ قىيا يوتىسىغا.

قالدى كۆپ ئات-ئۇلاقنىڭ ئۆلۈكلىرى،
بايقۇشقا، يىلۇزلارغا ئوزۇق بولۇپ.
قار-مۇزلار كۆمۈپ كانلار ئېغىزىنى،
ئېتىلدى ئۇچاغ يەنە ئالتۇن قۇلۇپ.

بىلگەندە باي بولۇشنىڭ يولىنى بىز،
(نامراتلىق دەرتلىرىنى تولا تارتىپ.)

باشلىدۇق سەپەر ئەشۇ تاغلار تامان،
ئارزۇلار تولپارىغا يۈكنى ئارتىپ.
ئالتۇن كان ئېغىزىنى ئېچىپ قايتا،
گويا كى يىڭنە بىلەن قازدۇق قۇدۇق.
مىڭ گەز يەرتېگى راسا تاسقالغاندا،
غەلۋىرگە چىقتى دانە-دانە ئۇتۇق.

خالماق قېزىپ بۈگۈن مۇنەك ئالتۇن،
ساتتۇق نەق ھۆكۈمەتنىڭ بانكىسىغا؛
خالماق قىز-چوكانغا ياساپ ئۈزۈك،
ئىشلەتتۇق كېلىنىنىڭ توي ھالقىسىغا.

شۇڭلاشقا بىزگە زەردىن قىممەت تىلەكتۇر،
بېيىشقا يارىتىلغان كەڭرى پۇرسەت.
بولمىسا ئەشۇ ئىمكان ئىلكىمىزدە،
ئاشامتى ئىشقا كۆتكەن ئارزۇ-مەقسەت.

1981-يىل دېكابىر خوتەن

# كەشپىيات

ئاچسام ھايات قامۇسىنى، ھەر قۇر قاتارى كەشپىيات،
ئىشچان زېرەك ئەلنىڭ داۋام بولغاچقا يارى كەشپىيات.

كەيگەندە ئىنسان تېرە، چۆپ، بولغانتى ئىسلاھ بىزدە كۆپ،
باققان پىلە، تارتقان يىپەك، كەيگەن تاۋارى كەشپىيات.

يۈرگەندە بىلمەي باشقىلار، بىز ئويما پۈتمەي تاشقىلا—
بولغان ياساپ قەغەز، كىتاپ-دەستۇر بازارى كەشپىيات.

تۇنجى بولۇپ ئىشلەپ پورۇخ، چاقتۇرمايىن پىستان قۇرۇق،
جەڭ باتۇرىنىڭ ياۋغا دەل ئوقلار ئاتارى، كەشپىيات.

مېھنەتتە ئەل يىللار-ئەسىر چىڭ تىكلىگەن ئالتۇن قەسىر،
ئىسپات بۇڭا ھازىرغىچە مىڭ ئۆي مىمارى - كەشپىيات.

ماخمۇت «يېزىپ تۈركى دىۋان» ساقلاندى ساپ تىل ھەم زۇۋان.
قىلدى فارابى، يۈسۈپى، ئەلشىر، نىزارى، كەشپىيات.

ئېيتماي رىتىمسىز ناخشىنى، رەتلەپ مۇقامنى-ياخشىنى،
قىلغان ئاڭا تەڭكەش راۋاپ، قالۇن، ساتارى، كەشپىيات.

تەكتى ماكان - شەھرى كېتەك، قالماي ئۇلارسىرى ئېتىك،
قۇچتى ئېچىپ قوينىنى كەڭ، ئولجەپ قازارى كەشپىيات.

«كارۋان بۈيۈك» يولى راۋان بولغاچ، ئېشىپ سەيياھ داۋان،
كوردى، دىلىنى مەھلىيا قىلدى بازارى، كەشپىيات
ئاچتى يېڭى ئىرا دەۋر، ئىرپان بىلەن يىشىلدى سىر،
بولدى يەنە پەن ئوغلىنىڭ ياگراق شۇئارى كەشپىيات.
ئالىم، ئەدىپ تاپتى شەرەپ، قاندى كۆتۈپ كەلگەن تەلەپ،
كۆندە ياراتتى توختىماي ئالغا باسارى، كەشپىيات.
ئاشقاچ ئۇلارنىڭ جۈرئىتى، بولماقتا تىزئىش-سۈرئىتى،
تەر ئەجرىدىن كۆلدى شەرەپ ئاتلىق نىگارى كەشپىيات.
ئۇبار ئەبەت ياشنار جاھان، زەركانى ئۇ پۈتمەيدىغان،
ياردىتار گۈزەل ئىقبالىغا كوكرەك ياقارى كەشپىيات.

## جىگدە تۈۋىدە..

ۋەھشى خان تەلمۈرەر شۇم نىيەت بىلەن،
لېكىن قىز قەلبىدە خانغا ئورۇن يوق.
سۆيگۈگە قارا كۈچ بولالماس ھاكىم،
مۇھەببەت ئالدىدا مەغلۇپتۇر زورلۇق.

— يەنجىلىك «ئىپارخان» ناملىق شېئىردىن

قاتمۇ-قات سېپىل-توساقلار ئىلكىدە،
تۇردۇ ھەيۋەت بىلەن خان سارىيى.
زەر نەقىش، تۈۋرۈكتولا، مەر-مەرسۇپا،
يوللىرى گۈللۈك يېشىل تاغ قارغىيى.

ھەر قەسىر بىرخان-سۇلالە شاھىتى،
ئۇندا بار ئالتۇن بۇيۇم، ھەرخىل بېزەك.
تاملىرى توشقان رەسىم، بۈتلار بىلەن،
(شاھىغا تازىم قىلار كوپ كېنىزەك.)

ئايلىنىپ كوردۇم بۇلارنى بىرئۇزاق،
قالغىنى بولدى مېنىڭدە تەسۋىرى،
قايتىبان چۇشكەندە پەلەمپەي بىلەن،
پۈرردە ئۇچتى خىيالىم كەپتىرى.

توختىدىم دىلكە پىتىردىنى ئەگىتىپ،
ياش كوچەت-جىگدە تۈۋىدە ئاستىلاپ،
ئايىنغان نوتا سۇرۇپ، يىلتىز يېيىپ،
تام يېنى تاشنى يېرىپ ئۇ پارچىلاپ.

چېچىگى ئاۋغۇست ئېيى كىرگەندىمۇ،
تۇزدىماي كۈلگەن چىرايلىق رەڭ تۇزەپ،
ياپرىغى تەڭگە كۈمۈشتەك پاقىراپ،
تاشلىغان سايە ئۇزۇن گۈلدەك بېزەپ.

بىرلا تۈپجىگدە خىيالىم مەۋجىسى،
كەلدى كوزئالدىمغا تارىم بويلىرى.
بىرزامان بولغانتى مۇنداق بىرۋاقە،
ھازىرغا يەڭگۈشلىنىپ ئەلتويلىرى.

شۇ كۈنى مەنچىلىك خېنى-شاھى ئۈچۈن،
ئەيلىگەن تۇتقۇن ئىپارخاننى چىرىك.
ئوردىدا باش ئەگمىگەن زورلۇققا ئۇ،
ئالدىدا خاننىڭ تۇتۇپ باشىنى تىك.

ئىززىتى، پاكسۆيگۈسىنى ساقلىغان،
كوزىنى سالماي زىبۇ-زىننەتكە ھېچ.
مەگدىمەي تۇرغان تىكەنلىك گۈل بولۇپ
قانچە رەت تەگلەنسىمۇ ئوتكۇر قىلىچ...

مانا بۇ جىگدە ئىپارخان ئەندىزى،
تارقىتىپ تۇرماقتا بەرگى خوشپۇراق.
ياپرىغى ئەيتماقتا مەرتلىك قىسسىسى،
تەردىپى ئەلقەلبىدە ياشنار ئۇزاق.

ئۆيلىدۇم: بولمايدۇ خار سۆيگۈ-ۋاپا،
ساقلىنار ساپ دىلىغا ئۇ تالىق بولۇپ.
بولىمىز ئەھلى ۋاپا جىسمى ھالاك،
روھى ئەل-ئالەم كېزەر كىزچىكە تولۇپ.

1982-يىل ئاۋغۇست - بېيجىڭ

## ئەسسالام، بۇلاق بېشى

ئەسسالام، «بۇلاق بېشى» مەھەللىسى،
ئەسسالام، تال-سۆگەتلىك يېشىل سەينا،
ئەسسالام، ئەجدادىمنىڭ نەۋرىلىرى،
دوپپىلىق يىگىت، سۇمبۇل چاچلىق رەنا.
ئوڭ قولۇم كۆكسۈمدە چىن ھۆرمەت بىلەن،
كۆرگىلى كەلدىم سىنى بولۇپ زوقمەن.

كۆرسەتكىن نىزارىنىڭ① خانىسىنى،
مەن ئۇنىڭ ئىزپايىنى قىلاي تاۋاپ.
تاپشۇراي مەھزۇنىنىڭ ② مەكتۇبىنى،
نوبىتى③ سالام ئېيتقان ئۇڭا ئاتاپ.
ئىلچىنىڭ گۈلۋاغىدىن گۈللەر ئۈزۈپ،
ئەكەلدىم شائىرغا گۈلدەستە تۈزۈپ.

× ×

سوقما تام، سانجاق-سانجاق ئۆي ئالدىدىن،
«ساھىپخان» ئاتلىق ئوغۇل ماڭدى باشلاپ،
ۋىژدانىم ھارۋىسىغا سۆيگۈ يۈكلەپ،
ماڭدىم تەڭ بىللە مەغرۇر قەدەم تاشلاپ.
ئاچقاندا قوينىنى كەڭ ھويلا-ئارام،
كۆزۈمدىن شاتلىق يېشى ئاقتى تارام.

قاپلىدى ۋۇجۇدۇمنى ئىللىق سېزىم،
نىزارى بىلەن قىزغىن كۆرۈشكەندە.
پىكىرلەر قاينىمىدا ئۈزدۈم بىرپەس،
ئىككىمىز شېئىردىن سۆھبەت تۈزۈشكەندە.
مەھزۇنى مەكتۇبىدىن سۆيۈندى ئۇ،
ماڭا بەك كىچىك پېئىل كۆرۈندى ئۇ.

نوبىتى سالامىنى ئېلىپ ئېلىك،
ماختىدى يۇرۇڭقاشنىڭ بويلىرىنى
دىلىدىن ئارزۇ قىلدى كۆرۈشنى ئۇ،
گىلەمچى قىز-يىگىتنىڭ تويلىرىنى.
ئاپىرىن! دېدىم شائىر نىزارىغا،
قەلەمدە بېستون تېغى قازارىغا.

دېدى ئۇ: توككەن ئىدىم كۆزۈمدىن ياش،
«رابىيە-سەئىدىن» لەرگە ئورتاق بولۇپ.
قوشۇلۇپ ۋامۇق④ بىرلە ئاققان ئىدىم،
ھۆزرانىڭ سۆيگۈسىدە غەمگە تولۇپ.
گۈلنىسا ئۈچۈن، جاپا چەكتى مەھزۇن،
مەسئۇدقا دىلئارانىڭ مېھرى فۇزۇن.

لەيلىنىڭ ئىشقى بىلەن بولۇپ مەجنۇن،
شۇ «چاھاردەرۋىش» لەردەك سەرسان ئىدىم.
قۇتلۇقلاپ «پەرھات-شىرىن» مەرتىلىگىنى،
«بەھرام گۇر» مېھنىتىدىن مەمنۇن ئىدىم.
«ئىنجا تىلىق ئۈنچىلىرى» تىزدىم شۇڭا.
ۋاپادار سۆرىتىنى سىزدىم شۇڭا.

---

①نىزارى-ئابدۇرېھىم نىزارى. 1770-يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ بۇلاق بېشى مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. ② مەھزۇنى-خوتەنلىك شائىر. ③نوبىتى-خوتەنلىك شائىر. ④نىزارىنىڭ «مۇھەببەت داستانلىرى» ناملىق 48 مىڭ مىسرالىق چوڭ ئەسىرى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە «رابىيە - سەئىدىن»، «ۋامۇق-ھۆزرا»، «مەھزۇن-گۈلنىسا»، «مەسئۇد-دىلئارا»، «لەيلى-مەجنۇن»، «پەرھاد-شىرىن»، «چاھار-دەرۋىش»، «بەھرام گور» قاتارلىق 18 داستان بار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



دەردى ئۇ: قىلالمىدىم تولۇق ئادا،
بۇ ئەزىز يۇرتىنىڭ ئۈمىت ـ ئارزۇسىنى.
يازىمەن يەنە ۋىجدان قەسىدىسى،
ئۇلۇغلاپ چىن مۇھەببەت ماۋزۇسىنى.
شېرىيەت بېغى گۈلگە تولسا دەيمەن،
ئىجادىم ئەلگە مىراس بولسا دەيمەن...

جاۋابەن نىزارىنىڭ سوزلىرىگە
دىدىم: ھېچ ئۆلمەس ئىجات ياراتتىڭىز.
ئاق كوڭۇل، باتۇر، ئىشچان مىللىتىمىنىڭ،
نامىنى يەر يۈزىگە تاراتتىڭىز.
ئارزۇڭىز ئىشقا ئاشتى بۈگۈن مانا،
ۋىسالغا قاندى تالاي ئوغۇل-رەنا.

قايتقاندا نىزارىنىڭ خانىسىدىن،
قايتقاندەك بولدۇم كەئبە تاۋابىدىن.
ياڭرىدى ئىجاتكارغا غەزەل-ناخشام،
مەرغۇللۇق خۇشخۇي قەلبىم راۋابىدىن.
جۈر بولدى كۆيلىرىمگە تال-سۆگە تىلىك،
ئويىنىدى لەرزان ئۆسۈل ھەمسولە تىلىك.

قايتقاندا «بۇلاق بېشى» يولى بىلەن،
ئۇچراتتىم بەختى كۈلگەن ئوغۇل-قىزنى.
يۈرمەكتە ئۇلار مەغرۇر قەدەم تاشلاپ،
ۋە بېسىپ شائىر ماڭغان ئۆچمەس ئىزنى.
ئەجدادلار ئىشلىرىغا ۋارىس بولۇپ،
ماڭماقتا ئۇلار قولنى-قولغا تۇتۇپ.

خەيرى خوش! «بولاق بېشى» مەھەللىسى،
خەيرى خوش! تال-سۆگە تىلەك يېشىل سەينا،
خەيرى خوش! ئەجدادىمنىڭ نەۋرىلىرى،
دوپپىلىق يىگىت، سۇمبۇل چاچلىق رەنا.
ياخشى قال ئېقىپ پۈتمەس چەشمە-بۇلاق،
ئوخچىغىن ئەل ئۆمرىدەك ئۇزاق-ئۇزاق.

نىزارى يازمىلىرى بولۇپ قەترەڭ،
ئۇلاشسۇن ئېقىمىڭنى ـ ئېقىنلارغا.
ھايات بەر ئۆزۈڭنىڭ ئۆلمەس ئىجادىدەك،
تارىمنىڭ بويى يېراق-يېقىنلارغا.
ئوخچىغىن ئېقىپ پۈتمەس چەشمە-بۇلاق،
خەلقىمنىڭ قەلبىگە ئاق، ئۇزاق-ئۇزاق.

1981-يىل، نويابىر، قەشقەر.

## ئاختۇرۇپ

بولسام بىتاپ ئىزدەڭ داۋا بۇ كەڭ دىيارنى ئاختۇرۇپ،
خۇشبۇي ھاۋالىق، گۈل-گىيا ئۆسكەن چىمەننى ئاختۇرۇپ.

ئەركىن تىنىق بەرگەي ھاۋا، ئوت-چۆپلىرى تەنگە داۋا،
سۇ كەلتۈرۈڭ قايىنام بۇلاق، دەريا تېرەننى ئاختۇرۇپ.

سىنەم سۇۋۇپ قالسا ئەگەر، تېز يەتكۈزۈڭ يۇرتقا خەۋەر،
باشىم سىلاپ توكەي مېھىر، ئاجىز بەدەننى ئاختۇرۇپ.

شۇنداقتىمۇ قالسام ئۆلۈپ، كوز يۇمۇلار چېھرىم كۈلۈپ،
ئېيتىڭ ۋەسىق سوزنى قىزىم-ئوغلۇم تىمەننى ئاختۇرۇپ.

توكمە يىلا ياش باشلاڭ غەزەل، بولغاي دىلىم ئارزۇسى ھەل،
يوگەڭ مېنى قەغەز- كىتاپ ئىچرە كېپەننى ئاختۇرۇپ.

بولسۇن خادام-مۇلكۇم- قەلەم، ئاسماڭ ئاڭا شەددە- ئەلەم،
يىللار سىرى روھىم تېپىڭ يۇرتۇم خوتەننى ئاختۇرۇپ.

1982-يىل، ماي، خوتەن





## — خوتەن يىپەك توقۇمىچىلىق
## فابرىكىسىغا زىيارەت —

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنـ
ئەتچىلەر بىرلەشمىسى جەمئىيەتنى ئۆگىنىش ۋە
تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى

بىز ئۇلۇغ تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە 12-نوۋەتلىك
پارتىيە قۇرۇلتىيىنىڭ چاقىرىلىش ھارپىسىدا، تارىختا پىلىچىـ
لىك ۋە يىپەك-توقۇمىچىلىقى بىلەن پۈتۈن دۇنياغا داڭچىـ
قارغان مەشھۇر قەدىمىي يىپەك يۇرتى خوتەنگە كېلىپ، خوتەن
يىپەك توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنى زىيارەت قىلدۇق.

بىز فابرىكىنىڭ چوڭ دەرۋازىسىدىن كىرىپ، كۆركەم
سېلىنغان ئىشخانا بىناسىنىڭ ئالدىدىكى پاكىز، تازىلانـ
غان كەڭ سەينادا توختىشىمىز بىلەن، 50 ياشلارچا مىسىدىكى
بىر خۇشخۇي ئايال چىقىپ كەلدى-دە، بىز بىلەن قىزغىن سالامـ
لىشىپ كورۇشتى. ئۇ قاسىق، ئۇ — مۇشۇ فابرىكا پارتكومىنىڭ مۇـ
ئاۋىن شۇجىسى يولداش ئەمبەرسا يىم ئىكەن...

بىز يولداش ئەمبەرسا يىمنىڭ ھەمراھلىقىدا فابرىـ
كامىزنىز بىرسىنى كوزدىن كەچۈرۈۋېتىپ، توقۇمىچىلىق سېخىـ
غا قاندا قلارچە يېتىپ كەلگىنىمىزنى بىلمەي قاپتۇق.

زورۇۋ كەڭ-كۇشادە سېلىنغان ھە بۇۋ تلىك سېخىتا رەتـ
رېتى بىلەن جايلاشتۇرۇلغان توقۇش ئەستانوكلىرى بىرخىل شاۋقۇن بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



تاراقلاپ ئىشلىمەكتە. قىلدىن ئىنچىكە تارتىلغان يىپەك يىپلار ئۈرچۈقلارغا ئۇرالماقتا، شۇ يىپلاردىن توقۇلۇپ چىققان توپ-توپ رەختلەر ئۆز نۆۋىتى بويىچە پاتلاش، بوياش ۋە رەتلەپ قاتلاش سېخلىرىغا توشۇلماقتا ئىدى. ئاق خالات كىيگەن ئەر-ئايال ئىشچىلار ئىستانوكلارنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ يۈرەتتى. ئۇلارنىڭ روھىي قىياپىتى ئاجايىپ جۇشقۇن ۋە كۆتىرەڭگۈ بولۇپ، ھەربىرى ئىككىدىن ئىستانوكنى باشقۇراتتى. فابرىكىمىزدىكى بەزىبىر گۇرۇپپىدا بىر پىششىقەدەم ئۇيغۇر ئۇستا بىرنەچچە خەنزۇ شاگىرتلارنى يېتەكلىسە، يەنە بىر گۇرۇپپىدا بىر پىششىقەدەم خەنزۇ ئۇستا بىرنەچچە ئۇيغۇر شاگىرتقا تېخنىكا ئۆگىتىۋاتاتتى. ھەر مىللەت ئىشچىلىرىنىڭ قەلب رىشتىلىرى ئەنە شۇ تالا-تالا ئىنچىكە يىپلارنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان، بىرجان-بىرتەن بولۇپ كەتكەن، ئۇلارنىڭ نۇرانە چېھرىلىرىدە دوستلۇق ۋە مېھىر-مۇھەببەت تۇيغۇلىرى يالقۇنجاپ تۇراتتى. بىز بۇ فابرىكىدىكى ئىشچىلارنىڭ تۈتىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت يېڭى ئۇزۇن سەپەردە چوڭ-چوڭ قەدەم تاشلاپ، ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ مەمنۇن بولدۇق.

بىز توقۇش سېخىدىن چىقىپ پىلە پۇشۇرۇش سېخى، يىپەك تارتىش سېخى، ئارقا يىپەك سېخى، بوياش، گۈل بېسىش سېخى ۋە ئېنىرگىيە سېخى قاتارلىق ئورۇنلارنى بىرقۇر كۆزدىن كەچۈرۈپ چىققاندىن كېيىن ئەڭ ئاخىرىدا توقۇلۇپ تەييارلانغان يىپەك رەخت مەھسۇلاتلىرى قويۇلغان چوڭ ئىسكىلاتقا كىردۇق. ئۇيەردىكى رەتلىك تىزىپ دەستىلەنگەن توپ-توپ رەختلەر: گىردىپ، شايى، ئەتلەس، شىپىلىك دۇخاۋا، خوتەن دۇخاۋىسى، كالاۋۇ تونلۇق سىندام رەختلەر. گۈللۈك تاۋارۇھسۇنئى يىپەكتىن توقۇلغان تاۋارلار دەرىزىدىن چۈشكەن كۈن نۇرىدا جۇلالىنىپ، كۆزلەرنى قاماشتۇراتتى. خۇسۇسەن بۇندىن ئىچىدىكى خوتەن دۇخاۋىسى بىلەن شىپىلىك دۇخاۋا ئەڭ سۈپەتلىك، ئېسىل تاۋارلار ئىدى. بىز بۇ رەختلەرنى كۆرۈۋاتقاندا، ئۆزىمىزنى گويا ھۆپپىدە ئېچىلغان گۈلزارلىق ئىچىگە كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلدۇق. مۇنداق ئېسىل رەختلەرنى ئىشلەپچىقارغان ھەر مىللەت ئىشچىلىرىغا بولغان ھۆرمىتىمىز ھەسسىلەپ ئېشىپ، ئۇلارنىڭ تالماس، چېۋەر قوللىرىغا ۋە ھەممىگە قادىر ئەقىل-پاراسىتىگە چىن قەلبىمىزدىن ئاپىرىن ئوقۇدۇق.

شۇ ئېسىل رەختلەرنى كۆرۈۋاتقىنىمىزدا بىرەيلەن ئىختىيارسىز ھالدا يولداش ئەنبەرسايىمدىن: «بۇ رەختلەر ئۆزىمىزنىڭ ئىچكى بازارلىرىمىزدىلا سېتىلامدۇ ياكى چەت ئەللەرگىمۇ ئېكسپورت قىلىنامدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئەنبەرسايىم ئۇنىڭغا ئىپتىخارلىق بىلەن مۇنداق جاۋاب بەردى:

— بۇماللار ئىچكى بازارلىرىمىزدىمۇ سېتىلىدۇ، شۇنىڭدەك چەت ئەللەرگىمۇ ئېكسپورت قىلىنىدۇ. 1950- يىللاردىن تارتىپ ھازىرغىچە بىزنىڭ ئىشلەپچىقارغان پىششىق يىپەكلىرىمىز ۋە يىپەك رەختلىرىمىز ئىلگىرى-

كېيىن بولۇپ گېرمانىيە، ئەنگلىيە، ياپونىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى، پاكىستان، ئىئوردانىيە ۋە مېكسىكا قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئېكسپورت قىلىندى.

— ئۇنداقتا بىزنىڭ بۇ رەختلىرىمىزنىڭ خەلقارا بازاردىكى قىممىتى قانداق بولىدۇ؟ دەپ سورىدى يەنە بېرەيلەن.

ئەنبەر سايىم بۇ سوئالغىمۇ تەپسىلى جاۋاپ بەردى:

— خەلقارا بازاردا بىر توننا پىششىق يىپەكنىڭ بەدىلىگە 155 توننا ئەلاسۈپەتلىك پولات ماتېرىيالى سېتىۋالغىلى بولىدۇ. بىر كىلوگىرام پىششىق يىپەكنىڭ بەدىلىگە 140 كىلوگىرام قەن-شېكەر ياكى بىر دانە ۋېلىسىپىت ۋە ياكى بىر دانە كىيىم تىككىش ماشىنىسى سېتىۋالغىلى بولىدۇ. فابرىكىمىز قۇرۇلۇپ ھازىرغىچە پەقەت پىششىق يىپەك كىتىنلا 1747 توننا ئىشلەپچىقاردۇق...

بىز بۇ سانلىق مەلۇماتنى ئاڭلاپ، 28 يىلدىن بېرى خوتەن يىپەك-توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىمىزغا قوشقان تۆھپىلىرىدىن ئىنتايىن مەمنۇن بولدۇق. شۇنىڭ بىلەن بۇ فابرىكىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنى چۈشىنىشكە بولغان قىزىقىشىمىز تېخىمۇ كۈچەيدى-دە، بىز يولداش ئەنبەر سايىمنى مۇشۇ ھەقتە تەپسىلى سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدۇق.

ئەنبەر سايىم ئىللىق تەبەسسۇم بىلەن بىزنىڭ تەكلىۋىمىزنى ماقۇل كۆرگەنلىكىنى ئىپادىلىدى ۋە قوشۇمىسىنى بىر ئاز تۈرۈپ، ئويلاندى-دە، تەگدىن تولىسى ئاقارغان كۆمۈش رەڭ چاچلىرىنى سىلىغان ھالدا دېرىزە تەرەپكە بۇرۇلدى. ئۇ، يىراق-يىراقلارغا نەزەر تاشلاپ، فابرىكىنىڭ كارتىنىسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى... ئۇنىڭ ئەشۇ ئاقارغان ھەر بىر تال چېچى فابرىكا تارىخىدا بولۇپ ئۆتكەن چوڭ-كىچىك ئۆزگىرىشلەرنىڭ شاھىدى ئىدى.

ئەنبەر سايىم 50 تىن ھالقىغان مۆنەۋۋەر ئايال كادىر بولۇپ، ئۇ پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا ئۆسۈپ-يېتىلگەن. 1955-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىۋىدە ئوقۇپ بىلىم ئاشۇرغاندىن كېيىن مۇشۇ فابرىكىغا كېلىپ، كادىرلار بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن. 1956-يىلى فابرىكا بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن پارتىيە قۇرۇلتىيىدا، ئۇ فابرىكا پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا سايلىنىپ، تاكى بۈگۈنگە قەدەر شۇ خىزمەتنى ئىجرا قىلىپ كەلگەن. 1964-يىلى ئىيۇلدا جۇڭ-گونىڭ چەتئەللەرنى زىيارەت قىلىش ئۆمىكىنىڭ بىر ئەزاسى سۈپىتىدە سوۋېت ئىتتىپاقى، رۇمىنىيە، بۇلغارىيە قاتارلىق مەملىكەتلەرگە چىقىپ، زىيارەتتە بولغان. ئەنبەر سايىم «مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى» دەپ ئاتالغان بوران-چاپقۇننىڭ ئېغىر سىناقلىرىدىن ئۆتۈپ، ئۆزىنىڭ كوممۇنىستلارغا خاس ۋىجدانىنى ساقلاپ قالغان. ئۇ ھېلىمۇ فابرىكىنىڭ زامانىۋىلىشىشى يولىدا يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ پىداكارلىق بىلەن ئىشلىمەكتە.

ئۇ، ئويچان كۆزلىرىنى بىز تەرەپكە يۆتكەپ ۋەزمىن ھالدا سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئازادلىقتىن بۇرۇن لاسكۇي دەپ ئاتالغان بۇشۇر تاڭ زەيكەشلىكتە مەتقۇربان دېگەن

باينىڭ شايى ،ئەتلەس، بەقەسەم توقۇيدىغان (قول بىلەن ئىشلەيدىغان) ئاددى دۇكىنى بو-
لۇپ، ئۇنىڭدا ئوتتۇزغا يېقىن ياللانما ئىشچى ئىشلەيتتى. بۇدۇكاننىڭ ئىش مەشغۇلاتى قول
بىلەن تارتىش، پۇت بىلەن تېپىش، ئوتتۇن قالاپ سۇئىسىتىشقا ئوخشاش مۇشكۇل جىسمانى
ئەمگەك ۋە قالاق ئۇسۇل بىلەن ئېلىپ بېرىلاتتى. ھازىرقى خوتەن يىپەك توقۇمىچىلىق
فابرىكىسى دەل شۇمەتقۇر باينىڭ كونىراپ ئەبجەغى چىققان خارابىسى ئۈستىگە
قۇرۇلغان ئىدى.

بۇفابرىكىنىڭ قۇرۇلۇش تەييارلىقى 1950-يىلى باشلىنىپ، 1954 يىلى پۈتكەن ۋەشۇ-
يىلى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەن. ئۇچاغدا پەقەت پىششىق يىپەك (يىپەك يىپ) ئىشلەپچى-
قىرىش ئاساس قىلىنغانلىقى ئۈچۈن شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا يىپەكچىلىك سېخى، ئارقا يە-
پەكچىلىك سېخى ۋە ئېنېرگىيە (توكۋەسۇ بىلەن تەمىنلەش، رېمونت قىلىش) سېخلىرى قۇرۇل-
غان بولۇپ، جەمى 160 ئىستانوك بار ئىدى، شۇ يىلى بۇ فابرىكىغا 431 نەپەر
ئىشچى - خىزمەتچى قوبۇل قىلىنغان ئىدى. بۇنىڭ
ئىچىدىكى زاۋۇت باشلىقى، سېخ مۇدىرلىرى، تېخنىك خادىملار، يىپەكچىلىك ئۇستىكارلىرى
بولۇپ 200گە يېقىن كەسپ ئەھلىلىرى-مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تاللاپ يۆتكەپ
كېلىنگەن. سۇجۇ يىپەك توقۇمىچىلىق تېخنىكومىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلاردىن 30 نەپەرى مۇشۇ
فابرىكىغا تەقسىم قىلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا 1953-يىلى خوتەن، قاغىلىق، يەكەن قاتارلىق
جايلاردىن قوبۇل قىلىنغان 83 نەپەر ئۇيغۇر ئىشچى سۇجۇ يىپەك توقۇمىچىلىق فابرىكىسىغا
بېرىپ مەخسۇس يىپەكچىلىك تېخنىكىسىنى ئۆگىنىپ كەلگەندىن كېيىن، فابرىكىنىڭ يادرو-
لۇق قوشۇنى بولۇپ قالغان. دېمەك، ئېلىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ھەر
مىللەت پەرزەنتلىرى بىر يەرگە جەم بولۇپ ئۇيۇشۇپ، بۈگۈنكى خوتەن يىپەك توقۇمى-
چىلىق فابرىكىسىنىڭ ھۇلىنى قۇرۇپ چىققان ۋە شۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىياتلار ئۈچۈن
پۇختا ئاساس سالغان ئىدى، فابرىكىمىز ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتنىڭ يىلسايىن ئېشىپ
بېرىشىغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ دائىرىسى كېڭىيىشكە، ئىشچى، خىزمەتچىلىرى كۆپىيىشكە باشلى-
دى، 1960-يىلى بىز يىپەك توقۇمىچىلىق سېخى قۇرۇش ئۈچۈن تۇتۇش قىلدۇق. 1962-يىلى
بۇ سېخنىڭ بىر قىسمى پۈتكەن بولسىمۇ، توقۇش ئىستانوكلىرى يۆتكەپ كېلىنمىگەچكە
خوتەن شەھىرىدىكى بىر ئەتلەسچىلىك كارخانىسىنى يۆتكەپ چىقتۇق. بۇكارخانىدا 32 دانە
كونا شەكىلدىكى دۇكان بولۇپ، ئۇنىڭ مەھسۇلاتى قول بىلەن ئىشلىنەتتى. بىز شۇدۇ-
كانلارنى ئاساس قىلغان ھالدا قايتىدىن لاھىيىلەپ، پولات ماتېرىياللىرى بىلەن 32
دانە يېڭىچە ئىستانوك ياساپ چىقتۇق ۋە شۇنىڭ بىلەن رەخ توقۇپ سىناقتىن ئۆتكۈز-
دۇق. شۇيىللار 126 مىڭ 700 مېتىر پاكچۇ، گىمرىپ، ياغلىق قاتارلىق بىر نەچچە خىل

يىپەك رەخ ئىشلەپچىقاردۇق.

فابرىكىمىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى يىلدىن-يىلغا يۇقىرى ئۆرلەپ، 1966-يىلغا كەلگەندە يەنە بىر قېتىم زور يۈكسىلىش بولدى: شۇ يىلى پىلە مەھسۇلاتى 893 توننا 574 كىلوگىرامغا يېتىپ، ئۇنىڭدىن 101 توننا 234 كىلوگىرام يىپەك يىپ ۋە 191 مىڭ 460 مېتىر يىپەك رەخ ئىشلەپچىقىرىلدى. ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليون 352 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 364 مىڭ بىر يۈز يۈەن ساپ پايدا ئېلىندى.

1964-يىلى قەدىردان جوزۇڭلى خوتەنگە كېلىپ، فابرىكىمىزنى كۆزدىن كەچۈرگەندە بىزگە ئالاھىدە كۆڭۈل بولۇپ، ئۈسكۈنىلەرنى زامانىۋىلاشتۇرۇش توغرىسىدا يوليورۇق بەرگەن ئىدى. جوزۇڭلىنىڭ شۇ يوليورۇقىغا ئاساسەن دۆلەت بىزگە 112 دانە ئاپتوماتىك توقۇش ستانوكى سېتىپ بەردى. ئەگەر ئۇنىڭ رولىدىن تولۇق پايدىلانغان بولساق مەھسۇلاتنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغىلى بولاتتى.

بىراق دەل شۇ چاغدا خەلقىمىزگە بالايى-ئاپەت كەلتۈرگەن «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» باشلىنىپ قېلىپ، فابرىكىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى ھەددى-ھېساپسىز ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. ئېتىز- ئېرىق بويلىرىدىكى ئۈژمە دەرەخلىرىمىز قالايمىقان كېسىپ تاشلىنىپ، پىلىچىلىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ خام ئەشياسى كۆپ مىقداردا كېمىيىپ كەتتى. شۇنىڭ تۈپەيلىدىن يىلدىن-يىلغا ئۆسۈۋاتقان پايدا بىراقلا زىيانغا ئايلىنىپ، 1968-يىلىدىن 1979-يىلغىچە ئۇدا 11 يىل زىيان تارتتۇق.

بۇ ھال ئۇزاق ھۆكۈم سۈرەلمىدى، ئىگىلىكنىڭ ھەقىقىي خوجايىنلىرى بولغان فابرىكىمىزنىڭ ئىشچىلىرى ئىشلەپچىقىرىشتا يۈز بەرگەن بۇخىل ئېغىر چېكىنىشكە ۋە بۇنداق زور زىيانغا تاقەت قىلىپ تۇرالمىدى. ئۇلار خوجايىنلىق مەۋقەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئەقىل-پاراسىتىنى تولۇق ئىشقا سېلىپ ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە ياخشىلاش يولىدا تېخنىكا ئىسلاھاتى ئېلىپ باردى. ئىستانوك رېمونت قىلىش سېخىدىكى ئابدۇكېرىم مەتىزايىت، نىيرۇيەمەن قاتارلىق تېخنىك خادىملار كونا ئىستانوكلارنى دادىللىق بىلەن ئىسلاھ قىلىپ، بۇرۇنقى ئۈچ-تۆت خىل رەخ ئىشلەپچىقىرىلىدىغان ھالەتنى كۆپ خىل رەخ ئىشلەپچىقىرىلىدىغان ھالەتكە ئۆزگەرتىپ سىناق ئېلىپ باردى. شۇنىڭ بىلەن رەخلەرنىڭ تۈرى 12 خىلغا كۆپەيتىلدى. ئۇلار بۇنىڭ بىلەن قانائەتلىنىپ قالماستىن، ئەسلىدىكى سىدام رەخ توقۇيدىغان ئىستانوكلارنى گۈللۈك رەخ توقۇيدىغان قىلىپ ئۆزگەرتتى. ئۇلار شۇ تەرىقىدە بەش قېتىم تېخنىكا ئىسلاھاتى ئېلىپ بارغاندىن كېيىن ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقى زور دەرىجىدە يۇقۇرى كۆتۈرۈلۈپ، 1980-يىلغا كەلگەندە زىياننىڭ ئورنىنى پايدا ئىگىلىدى. شۇ يىلى ئىشلەپچىقىرىلىدىغان ئومۇمىي مەھسۇلاتنىڭ قىممىتى 4 مىليون 135 مىڭ يۈەنگە يې-

تىپ، 236 مىڭ 800 يۈەن ساپ پايدا ئېلىندى. ھازىرغىچە ئېلىنغان پىلە مەھسۇلاتى 500 تونىنىغا يەت-
تى. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، 1982-يىللىق ئومۇمى مەھسۇلات قىممىتى ۋە پايدا نىسبىتى زور مىقداردا
ئاشىدىغانلىقىدىن ئۈمىت بار.

ئۆتمۈشتىكى كونا ۋە قالاق يىپەك دۆكىنىنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان خوتەن يىپەك توقۇمىچىلىق
فابرىكىسى 28 يىللىق مۇساپە جەريانىدا قانداق قىلىپ قاتمۇ-قات توسقۇنلۇق ۋە قىيىنچىلىق-
لارنى يېڭىپ بۈگۈنكىدەك مۇشۇنداق زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشەلىدى؟

بۇ غەلىبىنى ئەلۋەتتە، ئالدى بىلەن جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ توغرا رەھبەرلىكى، سوتسى-
يالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكى ھەمدە 3-ئومۇمى يىغىندا بەلگىلەنگەن توغرى يۆنىلىش ۋە سى-
ياسەتلەرنىڭ يېتەكچىلىكىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ.

بىز بۇ قېتىمقى زىيارەت ئارقىلىق بۇ فابرىكىدىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ 28 يىلدىن
بىرى ئىزچىل تۈردە ئۆيۈل تاشتەك مۇستەھكەم بولغانلىقى—ئەنە شۇ غەلىبىلەرنىڭ قولغا كېلىشى-
دىكى ئاساسىي ئامىللاردىن بىرى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇق.

سوھبەت جەريانىدا فابرىكا باشلىقى يولداش ئابلاھاشىم فابرىكىغا كەلگەندىن بۇيانقى
28 يىللىق ھاياتىنى ئەسلەپ، ئۆزىنىڭ تامامەن پارتىيىنىڭ كۆيۈمچانلىق بىلەن تەربىيىلىشى
ئارقىسىدا سىياسىي ھەم كەسپىي جەھەتتە تېز ئىلگىرىلىگەنلىكىنى مەمنۇنىيەت بىلەن سۆزلەپ
بەردى.

1954-يىلى 16 ياشلىق ئابلاھاشىم خوتەن سىفەن مەكتىۋىنى پۈتتۈرۈپ، بۇ فابرىكىغا
ئىشچى بولۇپ كىرگەن ۋە يىپەك تارتىش تېخنىكىسىنى ئۆگەنگەن. خەنزۇ ئۇستىلار ئۇنىڭغا
يىپەك تارتىش قائىدىلىرىنى ۋە خەنزۇچە تېخنىكا ئاتالغۇلىرىنى بىر-بىرلەپ ئۆگىتىپ قوي-
غان. ئارىدىن 6 ئاي ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئابلاھاشىمنىڭ ئىدىيىسىدە تەۋرىنىش پەيدا
بولۇپ، «مەن دېگەن سىفەن مەكتىۋىنى پۈتتۈرگەن بىر زىيالى تۇرۇقلۇق مۇشۇ ساۋاتسىز ئىش-
چىلارنىڭ ئارىسىدا جىسمانى ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنامدىمەن...» دېگەن خىيال بىلەن فاب-
رىكىدىن قېچىپ كەتكەن. ئۇنىڭ ئۇستىسى ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي ئاتايىن ئابلاھاشىمنىڭ
ئۆيىگە بېرىپ، ئۇنىڭغا ئىنچىكىلىك بىلەن ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلىگەن، يىپەك توقۇمىچىلىق
فابرىكىسىنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى توغرىلىق تەپسىلى سۆزلەپ بېرىپ، ئاخىرى ئۇنى قايىل
قىلىپ، ئۆز ئورنىغا قايتۇرۇپ كەلگەن. شۇنىڭدىن بۇيان ئابلاھاشىم ئۇستىسى لىيۇنىڭ كۆيۈ-
نۈپ تەربىيىلىشى ئارقىسىدا ئىدىيىدە تۈپتىن بۇرۇلۇش ياسىغان ۋە ئۆز كەسپىگە چوڭقۇر ئىش-
تىياق باغلاپ تېز ئۆسۈپ يېتىلگەن. ئۇ 1956-يىلى يىپەك تارتىش سېخىنىڭ تېخنىكى بولۇپ ئىش-
لىگەن. شۇ يىلى ئىيۇندا شەرەپ بىلەن جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىنغان.
1958-يىلى پىلە تاللاش سېخى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىلىقىغا سايلانغان. شۇنىڭدىن كې-

يەنە تېخىمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىپ ۋە جان پىدالىق بىلەن ئىشلەپ، فابرىكا ئىچىدە تېزلا كۆزگە كۆرۈنۈپ قالغان. 1974-يىلى ئۇ فابرىكىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا، 1980-يىلى 1-قول باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلگەن.

بۇ يەردە فابرىكا رەھبەرلىك بەنزىسى ئىچىدىكى مۇئاۋىن باشلىق مەھەممەت روزى بىلەن پارتكوم شۇجىسى خەن ياكچىيەننىڭ مۇناسىۋىتىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. بۇ ئىككىيلەن 30 نەچچە يىللىق سەپداش بولۇپ، ئۇلار تۇرمۇشنىڭ ئوڭۇشلۇق چاغلىرىدا مۈرىنى-مۈرىگە تىرەپ ئورتاق نىشان ئۈچۈن كۈرەش قىلغان. تۇرمۇشنىڭ مۈشكۈل چاغلىرىدىمۇ بىر-بىرىگە ھەمدەم بولۇپ، قايسىسىنىڭ بېشىغا كۈن چۈشسە، شۇنىڭغا قولىدىن كېلىشىچە ياردەم قىلغان. مەسىلەن، 1964-يىلى خەن ياكچىيەن خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن بۇ فابرىكىدىن يۆتكىلىپ كەتكەندىن كېيىن بىر قىسىم يامان غەرەزلىك كىشىلەر مەھەممەت روزىنى «يەرلىك مىللەتچى» دېگەن بوھتان بىلەن پارتىيىدىن ھەم زاۋۇتتىن قوغلاپ چىقىرىۋەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن مەھەممەت روزى ئائىلىسى بىلەن ئېغىر سەرسانچىلىققا ئۇچرىغان ۋە ئۇدا 15 يىل دېخان بولۇپ ئىشلىگەن. مەھەممەت روزىنىڭ تېگى-تەكتىنى بەش قولدەك ئېنىق بىلىدىغان خەن ياكچىيەن بۇ ناھەقچىلىققا قاتتىق ئېتىراز بىلدۈرۈپ، ئۆز سەپدىشىغا چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلغان. ئۇ، گەرچە ناھىيىسىدە خىزمەت ئىشلەۋاتقان مەزگىلدە ھەر قېتىم خوتەنگە خىزمەت بىلەن كەلگىنىدە ئاتايىن لاسكۇيغا بېرىپ، قەدىناس دوستى مەھەممەت روزىنى يوقلاپ، ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرغان.

ئون يىللىق قالايمىقانچىلىق مەزگىلىدە خەن ياكچىيەنمۇ «گېزەندە» قالپىقىنى كىيىپ ئېغىر كۈلپەت چەككەن. بۇ چاغدا دېخان مەھەممەت روزى ئۆزىنىڭ يېقىن سەپدىشى خەن ياكچىيەننى دائىم يوقلاپ، قۇربىنىڭ يېتىشىچە ياردەم قولىنى سوزغان. دېمەك، ئۇلارنىڭ مىللى دوستلۇغى ئەنە شۇنداق بوران-چاپقۇنلۇق يىللاردا ئېغىر سىناقلاردىن ئۆتۈپ مۇستەھكەملەنگەن.

1979-يىلى سىياسەتنى ئەمەلىلەشتۈرۈش ۋاقتىدا خەن ياكچىيەن مەھەممەت روزىنىڭ ئەينەن ئەھۋالىنى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا مەلۇم قىلىپ، ئۇنىڭ مەسىلىسىنىڭ تېزرەك ئەمەلىلەشتۈرۈلۈشى ئۈچۈن كۈچ چىقارغان. نەتىجىدە مەھەممەت روزىنىڭ پارتىيىۋىلىكى ۋە مۇئاۋىن فابرىكا باشلىقلىقى پات ئارىدىلا ئەسلىگە كەلگەن.

1980-يىلى خەن ياكچىيەن يەنە مۇشۇ فابرىكىغا يۆتكىلىپ كېلىپ، كۆپ ئۆتمەي فابرىكا پارتكومىنىڭ شۇجىلىقىغا ئۆستۈرۈلگەن. مۇشۇ ئىككى يىلدىن بېرى مەھەممەت روزى خەن ياكچىيەننىڭ خىزمىتىنى يەنە بۇرۇنقىدەكلا قوللىغان ھەمدە ئۇنىڭ قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولۇپ ھەمكارلىشىپ بىللە ئىشلىگەن.

فابرىكا رەھبەرلىكى مىللى ئىتتىپاقلىقنى ئەنە شۇنداق كۆز قارچۇغىدەك ئاسراپ ياخشى ئۈلگە كۆرسەتكەچكە، بۇنىڭ تەسىرى نەتىجىسىدە فابرىكىدىكى ئىشچى- خىزمەتچىلەر بىر-بىرلىرى بە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



لەن ئىسناق ئۆتكەن، شۇڭا بۇنى بىرىكمىدىكى ئەر-ئايال ئىشچى - خىزمەتچىلەر بۇناخشىنى ئاغزى-دىن چۈشۈرمەيدىكەن:

قاشتېشى سۈزۈپ كەلـدىم،
دولقۇنلـۇق يۇرۇڭقاشتىن .
ئامراق بىز جىمى مىللەت ،
تۇققاندىن، قېرىنداشتىن .
ھەممىدىن قىممەت،
دوستلۇق مۇھەببەت.

بۇناخشىنىڭ يېقىملىق ساداسى تارىمۋادىسىنى بويلاپ، تيانشان ئېتەكلىرىنى جاراڭلىتىپ، پۈتۈن مەملىكىتىمىزگە تارالماقتا .

نۆۋەتتە پۈتۈن فابرىكا مىقياسىدا پارتىيە 12-قۇرۇلتىيىنىڭ چاقىرىقىغا ئىنكاس قايتۇرۇش ئەمەلىي ھەر-كەتكە ئايلاندى. بۇ خەلقلەر ئارىسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەرىكەتلەرنى ئۆگىنىش، ئۇنىڭ روھىنى ئىزچىل-لاشتۇرۇش بويىچە يۇقىرى دولقۇن كۆتۈرۈلۈپ، يېڭى بىر قايناق-تاشقىن مەنزىرە بارلىققا كېلىپتۇ، ئۇلار 12- قۇرۇلتاينىڭ غايەت زور ئىلھامى ۋە تۈرتكىسى ئارقىسىدا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، سوتسىيالىستىك ئاكتىپچانلىقىنى ھەسسىلەپ ئۇرغۇتۇپ، يېپەكچىلىك ساناىتى ۋەزىيىتىدە تۈپتىن ئۆزگىرىش ياساش ئۈچۈن زەپەرمارشى ياڭرىتىپ، ئۇلۇغ نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلەۋېتىپ-تۇ......

1982- يىل سىنتەبىر. خوتەن-ئۈرۈمچى

# گىلەم

مەمتىمىن ئەخەت

ئېپكەلدۇردۇم خوتەندىن مانا،
رەڭگى گويا ئوتقاشتەك گىلەم.
ھەر گۈلىدە مىڭ ياڭزا سەنئەت،
جەننەت ھۆسنى ئۇندا مۇجەسسەم.

شۇ گىلەمنىڭ رەڭدارلىقىدىن،
گۈللىھارمۇ ئۇيۇلۇپ تۇرار.
ھەر گۈلدىكى ھۈنەر يۈرەككە—
ئىلھام بولۇپ قۇيۇلۇپ تۇرار.

ئەشۇ كوركەم، لالىرەڭ گىلەم،
ئىلچىلىكنىڭ غۇرۇرى-پەخرى.
ئىلچىلىكنىڭ ئەمەسلا، بەلكى-
ۋەتىنىمنىڭ سەنئەت تەسۋىرى.

توقىغىن ئەي قولى گۈل ئۇستا،
ھۈنىرىڭدىن گۈل ئۈنۈپ تۇرسۇن.
ھۈنەر ئېلى، ھۈنەر كانىدىن،
ئەجدات ئەقلى كۆرۈنۈپ تۇرسۇن!

# باھاردانىش

## (شۇناملىق كىتاپتىن پارچە)



تەييارلىغۇچىدىن: «باھار دانىش»—شەرق دۇنياسىدا، خەلق ئىچىگە ناھايىتى كەڭ تارقىلىپ ئومۇملاشقان ئەدەبىي ئەسەرلىرىمىزنىڭ بىرى.

كىتاپتا، ئىپقىلىق شاتۇتنىڭ ھىكايە سۆزلىشى ئارقىلىق ئاياللارنىڭ ساپدىل، توغرانىيەت،ۋاپادار، باتۇرلۇغى مەدھىيىلىنىپ، فېودالىزىم جەمىيىتىنىڭ ئاياللارنى كەمسىتىدىغان، «ئەدەپسىز، ئەخلاقسىز» دەپ قارايدىغان كۆزقارىشىغا رەددىيە بېرىلىدۇ.

«باھار دانىش» كىتاۋىنىڭ ھېكايە ۋاقەلىكى مۇنداق باشلىنىدۇ:

ئۆتمۈش زامانلاردا، نۇرغۇن شەھەرلەرنى ئىلكىگە جەملەپ باشقۇرۇپ كەلگەن بىر پادىشا بولۇپ، ئۆمرىدە پەرزەنت يۈزىكۆرمىگەچكە، تەختىمىراسخورىنىڭ يوقلۇغىدىن قايغۇرۇدىكەن. بۇئەھۋالدىن خەۋەرتاپقان ۋەزىرلەر پادىشاغا پايدىلىق مەسلىھەت كۆرسىتىپتۇ، دىگەندەك، كوپئۆتمەي شاھ مەلىكىسى ھامىلدار بولۇپ،ۋاقتى-سائىتى يەتكەندە بىرئوغۇل تۇغۇپتۇ.

شاھ بۇخۇشاللىق تۇپەيلىدىن قولئاستىدىكى پۇتكۇل يۇرتلارغا كاتتا توي ئويناپ بېرىپ،ئوغۇلنىڭ ئىسمىنى جاھاندار قويۇپتۇ.

شاھزادە جاھاندارنى يەتتەياشقا توشقاندا مەكتەپكە بېرىپ، ھەرخىل ئىلىمدىن خەۋەردار،ئەخلاقلىق قىلىپ ئۆستۈرۈپتۇ. شاھزادە جاھاندار 15 ياشقا يەتكەندە ھەربى ئىلىمنى ئىگەللەشكە باشلاپ، ئوقيا ئېتىش، شەمشەر،نەيزە، قەمقام گۈرزى ئىشلىتىش سەنئىتىنى ئۈزلەشتۈرۈپتۇ ۋەخاس لەشكەرلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ شىكارغا چىقىدىغان بولۇپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە شاھزادەجاھاندار لەشكەرلىرى بىلەن شىكار قىلىپ كېتىۋاتقاندا، ئالدىغا بىركىيىك ئۇچراپتۇ. شاھزادە پەرمان قىلىپتۇكى: «بۇكىيىككە ئوق ئاتماي، تىنچ ئىشلەتمەي تىرىك تۇتۇمىز، كىمكى كىيىكنى تىرىك تۇتۇپ كەلسە ئىنئام بېرىلىدۇ، مۇبادا قاچۇرۇپ قويسا بېشى ئېلىنىدۇ.»

كملاسمك ئەدەبىياتىدىن

دەل مۇشۇ پەرمان بېرىلىۋاتقاندا، كىيىك شاھـزادە جاھاندارنىڭ بېشىدىن سەكرەپ ئۆتۈپ قېچىپتۇ.

شاھزادە جاھاندار خىجالەت بولغىنىدىن، كىيىكنى قوغلاپ ئات سېلىپتۇ. ئۇرغۇن مۇساپىلارنى باسقاندىن كېيىن، بىر قۇمۇشلۇققا كىرىپ قاپتۇ. كىيىكنىڭ قارىسى كۆزدىن يۈتكەن ھامان قۇمۇشلۇق ئوتتۇرىسىدا كەڭرى بىر گۈللۈك پەيدا بولۇپتۇ.

شاھزادە جاھاندار قارىغىدەك بولسا كېلىشكەن بىر يىگىت ھېلىقى كىيىكنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرغىدەك، يىگىتنىڭ بېشىدا شاخقا بىر قەپەز ئېسىلغان بولۇپ، قەپەز ئىچىدە چىرايلىق شاتۇتى سايراپ تۇرۇپتۇ.

شاتۇتى، شاھزادە جاھاندارنىڭ كۆڭلىگە تەسەللى بېرىدىغان بىر تالاي سۆزلەرنى قىلىپتۇ. شاتۇتىنىڭ ئادەمزۇۋانىدا سۆزلىگىنىنى كۆرۈپ ھاڭ-تاڭ قالغان شاھزادىنىڭ بۇ قۇشقا كۆڭلى چۈشۈپ قېلىپ، ھېلىقى يىگىتتىن شاتۇتىنى سوراپ ئېلىپتۇ.

دەل مۇشۇ كۈنلەردە، شاھزادە جاھاندارنى ئۆيلەپ قويۇش توغرىسىدا مەسلىھەت بولۇۋاتقان ئىكەن. ئەمما، ئاتىسىنىڭ قانچە زورلىغىنىغا باقماي، شاھـزادە ئۆيلىنىشنى رەت قىلىدىكەن. چۈنكى ئۇ، ۋەزىرلەرنىڭ جاھاندىكى ئەخلاقسىز، بىۋاپا ئاياللار توغرىسىدا ئېيتىشقان تالاي-تالاي ھېكايىلىرىنى، پىتنە-پاسات ئىلىرىنى ئاڭلىغاچقا، «ئاياللار مۇشۇنداق بىۋاپا بولسا، جاھاندىن يەككە جان بولۇپ ئۆتۈپ كەتسەم بولغىدەك» دېگەن قارارغا كەلگەن ئىكەن.

شاھزادىنى گەپكە كىرگۈزەلمىگەن پادىشا نائىلاج بولۇپ، بالىسىنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن ئۇز زامانىسىنىڭ ئەڭ گۈزەللىرىدىن بولغان بىر كېنىزەكنى ئەۋەتىپ بېرىپتۇ.

بىر كۈنى ھېلىقى گۈزەل كېنىزەك تامدىكى ئەينەككە قاراپ ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈۋېتىپ: «دۇنيادا مەندەك كېلىشكەن، چىرايلىق ئاياللاردىن يەنە بىرسى تېپىلارمۇ؟ ۋاھ! كۆزۈم نېمە دېگەن قارا، قېشىمنىڭ ھىلال ئايغا ئوخشاشلىرىچۇ!...» دەپ تەمەننا قىلىپتۇ.

كېنىزەكنىڭ ماختاشلىرىنى ئاڭلىغان شاتۇتى، ئۇنى مەسخىرە قىلىپ دېمىغىدىن «خىلىك...» قىلىپ ئاۋاز چىقىرىپ، كۈلۈۋېتىپتۇ. بۇ ئىشقا كېنىزەكنىڭ بەكمۇ ئاچچىغى كەلگەچكە، شاھزادىغا داتلىنىپ:

—شاتۇتى مېنى مەسخىرە قىلدى. نېمە ئۈچۈن خىڭىلدايدۇ، ئەگەر سەۋەبىنى ئېيتىپ بەرمىسە ياكى ئۆزەمنى، ياكى بۇ يېتىنخور شاتۇتىنى ئۆلتۈرۈمەن، —دەپ ئاللا-توۋا كۆتىرىپتۇ.

شاھزادە نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي، ئاخىرى شاتۇتىدىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ. شاتۇتى شاھزادىنىڭ سوئاللىغا جاۋابەن مۇنداق دەپتۇ:

—ئى شاھزادە، شەرقنىڭ جەنۇپ تەرىپىدە خوتەن دېگەن بىر مەملىكەت بار. بۇ خوتەن مەملىكىتىنىڭ شاھىنىڭ شەمسىنىسا ئىسىملىك بىر قىزى باركى، بۇ قىزنىڭ بىر تال كىرپىكى يوقاپ

كەتسە جەننەتنىڭ ھۆرلىرىنى، كوھى قاپ پەرىزاتلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئەشۇ كىرپىكنىڭ سۈيۈنچىسىگە بېرىدىمۇ تاپقىلى بولمايدۇ. شەمس نىسا ئۈچۈن دۇنيادىكى تالاي شاھزادىلار ئەلچى بولۇپ كېلىپ، بىرقېتىم كۆرەلمەي تەركى جاھان بولۇپ قايتىشتى. سىزنىڭ بۇ كېنىزىكىڭىز ھېلىقى شەمس نىسانىڭ ئالدىدا قانچىلىك چىرايلىق ھېساپلىناتتى؟

شاتۇتىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان كېنىزەك لام-جىم دېيەلمەپتۇ، ئەمما شاھزادىنىڭ كۆڭلىدە ئىشىق ئوتى ئۇچقۇنداپ، ئۇيلىنىش ھەۋىسى باش كۆتىرىپتۇ.

بالىسىنىڭ بۇ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولغان پادىشا، ھەممە ۋەزىرلىرىنى يىغىپ مەسلىھەت سوراپتۇ. ۋەزىرلەر ئىككى يۇرتنىڭ ئارىسىنى يىراق كۆرۈپ، شاھزادىنى نەھىيىدىن ياندۇرماق تەدبىرىگە چۈشۈپتۇ.

پادىشانىڭ گەپىدىن ۋەزىرلىرىدىن يەتتىسى بىر بولۇپ، ھەر كۈنى بىردىن ۋەزىر شاھزادە جاھاندار ھۇزۇرىدا ھازىر بولۇپتۇ ۋە بىردىن ئىلمى تەررابت ھېكايىسى سۆزلەپ، ئاياللارنىڭ ئەخلاقسىز، ۋاپاسىز ئىكەنلىكى توغرىسىدا پىتنە ئويدۇرۇپ چىقىپ، شاھزادىنى يىراقتىن ئۇيلىنىش نىيىتىدىن ياندۇرغىلى ھەرىكەت قىلىشىپتۇ.

سەككىزىنچى كۈنى بولغاندا، ھېلىقى ئىقباللىق شاتۇتى، شاھزادىگە:

— ئەي شاھزادە، بۈگۈن يەتتە كۈن بولدى، ھەر كۈنى بىر ۋەزىر ئالدىڭىزغا كېلىپ، ئاياللار خۇسۇسىدا يامان ھېكايە قىلىشىدۇ. بۇ ھېكايىلارنىڭ تەگىدىن تولىسى يالغان، ئۇلارنىڭ پىتنىسىنىڭ ئىشەنگۈچىلىكى يوق، — دەپتۇ. شاھزادە، شاتۇتىغا:

— ئەي شاتۇتىم، ئېيتقىنا، مەن قانداق قىلاي، جاھاندىكى ئايال جىنسىلىقلار راستىن ھېلىگەر، ئەردىنى ئالدايدىغان، بىۋاپامۇ؟ — دەپ خىتاپ قىلىپتۇ. شاتۇتى:

— سىز شاھزادە بەھرام بىلەن ۋەزىرنىڭ قىزى زوھرانىڭ ئىشقى ھېكايىسىنى ئاڭلىغانمۇ؟ ئەگەر بۇ ھېكايىنى ئاڭلىسىڭىز، كۆپچۈلۈك ئاياللارنىڭ ئەخلاق ۋاپا بابىدا ئەرلەردىن قېلىشمايدىغانلىقىنى بىلىۋالالايسىز! — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ-دە، ھېكايىسىنى باشلاپتۇ...

... ... ...

«باھاردانىش» كىتاۋىنىڭ ئاياللارنىڭ ياخشىلىقىنى تەھسىن ئېيتىدىغان قىسمى مانا شۇنداق مۇقەددىمىدىن كېلىپ باشلىنىدۇ. مەن، كىتاپخانلارغا، بۇ كىتاپتىن تەربىيىۋى ئەھمىيىتى بولغان بىرنەچچە ھېكايىلارنى تەييارلاپ تەقدىم قىلدىم.

ئابدۇقادىر مۇھەممەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# بەھرام-ئاي قىياپەتلىك زوھرەنىڭ ئىشقىغا مۇپتىلا بولغانلىقى

ئېيتىلىشىچە تۇتى قۇش سۇخەن بوستانىنى ئارىلاپ، شېرىن زۇۋانى بىلەن، بۇئەسكى زامان توغرىسىدا مۇنداق ھېكايەت قىلدى:



بەتەن شەھىرىنىڭ پادىشاسى پۇقرا-رەئىيەلىرىگە پاراۋانلىق بېرىپ، ئۆزىگە چېگرىداش دۆلەتلەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، بېرىش-كېلىش، سودا-سېتىقنى راۋانلاشتۇرغاچقا ئۇنىڭ شەھىرى ئاۋات ۋە مەمۇر ئىدى.

پادىشانىڭ بەھرام ئىسىملىك ئوغلى بولۇپ، ئۇ چىرايى ئۈز ھەم پاكىزە ئۆسكەن ئىدى. شاھ، پەرزەندىنىڭ دانا ئۇستازدىن بىرنى مەسئۇل قىلىپ، بارلىق ھۈنەر ۋە بىلىملەرنى ئۆگىتىشكە تاپشۇردى. پادىشانىڭ ۋەزىرىنىڭمۇ زوھرە دېگەن گۈزەل قىزى مەكتەپ يېشىغا يەتكەن ئىدى، زوھرەنىمۇ بەھرام ئوقۇيدىغان ئۇستازنىڭ تەربىيىسىگە تاپشۇرۇشتى.

كۈنلەرنىڭ ئۆتىشى بىلەن بەھرام بىلەن زوھرە بىر-بىرىگە ئىشقى-مۇھەببەت پەيدا قىلدى.

بىللە ساۋاق ئېلىش، بېرىش-كېلىشتە بىرگە بولۇش جەريانىدىكى ئارىلىشىشنىڭ كۆپلىكىدىن سىرداشلىق پەيدا بولغان بولسا، سىرداشلىقنىڭ جانىپىدىن بارا-بارا ئاشىقلىق ئالامىتى ۋە مەشۇقلۇق باغلىنىشى كۈچەيدى. نەچچە مۇددەت شۇ تەرىقىدە ئۆتتى. دىمەك، ئىشقنىڭ ئاپتابى ۋۇجۇد ئېتىزىدىن باش چىقىرىپ، ئىشقى قۇياشىنىڭ نۇرى ھەر ئىككى ياش كۆڭۈلنى كۆيدۈرۈپ، خىجالەت پەردىسىنى ئارىدىن كۆتەردى.

دەسلەپتە ئۇلار بالاغەتكە يەتمىگەنلىكتىن، مالامەت ئاپىتىدىن خالىي ئىدى. ئەمما ئىشق بىلەن خۇشپۇراقنى يوشۇرغىلى بولمىغىنىدەك، بەھرام بىلەن زوھرە قاچان بالاغەتكە يەتتى، شۇندىن باشلاپ مالامەتمۇ قوغلاپ كەلدى.

بىر كۈنى ۋەزىر، قىزى بىلەن شاھزادىنىڭ ئىشقى پاراڭلىرىنى باشقىلاردىن ئاڭلاپ قالدى-دە، ئاقىۋىتىنى ئويلاپ، سەدەپ ئىچىگە گۆھەر يوشۇرغاندەك، قىزىنىمۇ يوشۇرۇپ، مەك-

تەپكە ئۇشۇرتمىدى..

بەھرام، زۆھرەنىڭ دىدارىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئەقلىدىن بېگانە بولۇپ، ئىلىمدىن بەھرى ئالالماي خاموش بوپقالدى.

زۆھرەمۇ بەھرامدىن ئايرىلىش ئازاۋىدا ئۇيقۇدىن، تاماقتىن قالغان ئىدى.

ئارىدىن كۆپ ئۆتمىدى، زۆھرە بۇ جۇدالىققا تاقەت قىلالماي، سەۋرى پەردىسىنى پارە-پارە قىلىپ، ئىختىيارىدىن تاشقىرى بىر-بىر چامداپ مەكتەپكە كەلدى، بەھرام بىلەن زۆھرە دىدارلىشىپ مۇھەببەت جۇدالىقىدىن شىكايەت ئېيتىشتى ۋە قول ئۇشلاشقىنىچە ھوشىدىن كېتىپ يىقىلدى.

بۇ ماجرا ئوردا ئەھلىگىچە يېتىپ باردى، ۋەزىرنىڭ بەكمۇ ئاچچىقى كەلدى-دە، قىزىنى ئۆيگە ئەكەلدۇرۇپ، يالغۇز ھۇجرىغا مەھبۇس قىلىپ قامىدى، قىزىدىن خەۋەر ئېلىشقا بىرقانچە يامان خۇيلۇق (مىجەزلىك)، قوپال، رەھىمسىز خادىملارنى تاللاپ بېكىتكەندىن باشقا، يەنە كۈندىلىك يېمەك-ئىچمەك، لازىمەتلىقلاردىنمۇ قىستى. ئاستىغا بورىدىن باشقا ھېچنېمە سېلىپ بەرمىدى، قىسقىسى بارلىق ھوزۇر-ھالاۋەت، تۈرلۈك پاراغەتلەردىن مەھرۇم ئەيلىدى...

شاھ، ۋەزىرنىڭ چىرايىدىكى خاپىلىق، دەرت-ئەلەم ئالامەتلىرىنى سېزىپ قالدى.

— بۈگۈن سىزنى پەرىشان، خاپا كۆرۈۋاتىمەن. رەنجىشىڭىز نېمىدىن؟ — دەپ سورىدى پادىشا ۋەزىردىن.

ۋەزىر ئورنىدىن تۇرۇپ سالام بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئۆز دەردىنى مەلۇم قىلىپ مۇنداق دېدى:

— ئى شاھ، سىزنىڭ دۆلىتىڭىز ۋە ئادالىتىڭىز بەرىكاتىدىن خاراپ بولغان جاھان ئاۋادانغا يەتتى. ئەمما، شاھزادە بەھرام مېنىڭ رەسۋالىقىمنى خالاپ، نومۇس ئۆيۈمنى ۋەيران قىلىپ، مېنى خەلقئالەم ئارىسىدا خىجالەتچىلىكتە قالدۇردى......

ئۇ بەھرام بىلەن قىزى زۆھرە ئوتتۇرىسىدا بولغان ئىشقىي- مۇھەببەت ماجراسىنى بىر-بىر بايان قىلدى.

ۋەزىرنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، پادىشانىڭ غەزىۋى دەريادەك دولقۇنلاپ تاشتى. ئاچچىق-شاھ كۆزىگە پەلەك پەردىسىنى تارتتى، ئۇ خاس خىزمەتكارلىرىغا:

— بەھرام دەرھال يۇرتۇم تاۋەلگىدىن ھەيدەپ چىقىرىلسۇن! — دەپ بۇيرۇق قىلدى.

بەھرام ئاتىسىنىڭ بۇيرۇغىدىن ۋاقىپ بولۇپ، تەقدىرىنىڭ بۇ پالاكەتلىرىگە بويسۇنماسلىقتىن ئۆزگە ئىلاج تاپالمىدى.

خىزمەتكارلار بەھرامنى ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ ماڭغاندا، بەھرامنىڭ ئىنىڭگىنا نىسى شاھ-

زادىنىڭ بويىنىدىن قۇچاقلاپ يىغلاپ، ئۇنىڭغا ئاسايىشلىق ۋە ئامانلىق تىلىدى، ئاندىن «قانداق ئارزۇ-تىلەكلىرىڭ بار؟» دەپ سورىدى.

— ئى مېھرىۋان ئانا، — دېدى بەھرام، — شاھ پەرمانى قانۇندۇر، تەقدىرگە پۈتۈلگىنى سەرسان-سەرگەندانلىق بولسا، بۇنىڭغا مېنىڭ نىمە ئامالىم بولسۇن، ئەمما بىر ئىلتىماسىم باركى، مېنىڭ بۇھالىمنى ۋەسالامىمنى زوھراغا يەتكۈزسەڭ، يارىمغا مېنىڭ نامىمدىن شۇنداق دېسەڭكى: «سېنىڭ مۇھەببىتىڭ مېنى مۇشۇ مېھنەتلەرگە گىرىپتار قىلدى. قارا بەختىم مېنى قەيەرگە ئېلىپ بارسا ئۇنىڭغا رازىدۇرمەن، بۈگۈن مېنىڭ قونالغۇم پالانى يەردىكى دەرەخ تۈۋى بولىدۇ. مەن شۇ يەردە زوھرەنى كۈتىمەن، ناۋادا ئىشقى سەۋداسى ئۇنى ھەم بىچارە قىلىپ، جېنىغا جاپا نەشتىرىنى ئۇرغان بولسا، دەرھال ئارقامدىن يېتىپ بارسۇن، ماڭا ھەمرالىق قىلسۇن، قالغىنىنى ئۆزى بىلگەي...»

بەھرامنىڭ سالامىنى ئالغان ئىنىك ئانا ۋەزىرنىڭ ئۆيىگە كەلدى. كۆردىكى، ۋەزىر بەھرامنىڭ يۇرتتىن پالانغانلىغىدىن خۇرسەن ۋەخاتىرجەم بولۇپ قىزى زوھرەنى سولاقتىن ئازات ئېتىپتۇ. شۇڭا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ ئەھۋالنى ئېيتىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلدى.

زوھرە، بەھرامنىڭ ئېيتىپ بەرگەنلىرىنى ئاڭلاپ شۇنداق ئۇچۇر قىلدى:

— ئەي مېھرىۋان ئانا، مېنىڭ جېنىم — شاھزادىنىڭ جېنى بىلەن بىللە، مەن ئۇنىڭدىن ئايرىلسام قانداق ياشىيالايمەن، مەن ھەرقانداق ئامال-چارىلەرنى تېپىپ بەھرامنىڭ قونالغۇسىغا يېتىپ بارىمەن. بۇ ئىشىمغا سەن ياردەم قىلىپ، مۇنۇ پۇلغا يۈگرەك ئاتتىن بىرنى سېتىۋېلىپ ئەكىلىپ بەرسەڭ، مەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يېتىشىۋېلىپ، سەپىرىدە ھەمرا بولسام!...

ئىنىك ئانا بازاردىن كۈن نۇرىدىن تېز، شامالدىن ئۇچقۇر بىر ئاتنى سېتىۋېلىپ زوھرەگە بەردى.

زوھرە ئۆزىنى ئەرەنچە ياساپ، سەپەرتەييارلىغىنى پۇختا قىلىپ، بەھرامنى ئىزدەپ يولغا چىقتى.

بەھرام قونالغۇسىدا يارىنىڭ يولىغا قاراپ ئولتۇرار ئىدى. يىراقتىن ئۇلاغلىق بىرسى كۆرۈندى. كۆپ ئۆتمەي زوھرە يېتىپ كەلدى.

بۇلار «ئىككىمىزنىڭ بىرجايغا قايتا جەم بولغىنىمىز — خۇددى ئىسكەندەر دۇنياغا قايتىدىن شاھ بولغاندەك ۋە ياكى جەمشىت يەتتە ئىقلىم تەختىدە يېڭىۋاشتىن ئولتۇرغاندەك ئىش بولدى» دەپ ئۆزلىرىنى دۆلەت-راھەتتە ھېس قىلىشتى.

بەھرام بىلەن زوھرە ئارقىلىرىدىن ۋەزىر ئادەملىرىنىڭ ئىزدەپ كېلىشىدىن ئەندىشە قىـ

لىپ، دەرھال يۈرۈپكەتتى. يول يۈرگەنىنىڭ تۈتىنچى كۈنى سەھەر ۋاقتىدا بۇلاقلىرى كۆپ بىر خۇشھاۋا جايغا يەتتى. زوھرەگە سەپەر ھاردۇغى يەتكەچكە بىرمەزگىل ئارام ئالماق بولدى. ئۇلار ئاتتىن چۈشۈپ، ئوتلاق ئۈستىگە ئۇزلىرىنى ئېتىشتى، بۇلاق سۈيىدىن قانغىچە ئىچكەندىن كېيىن زوھرەنىڭ كۆزى ئۇيقۇغا كېتىپ قالدى. بەھرام ھەلىكىمنى ئۇيغۇتۇشقا كۆزى قىيماي ئاتقا مىندى-دە، «ۋەزىرنىڭ ئايغاقچىلىرى قوغلاپ كېلىپ قالمىسۇن» دەپ ئەتراپنى ئايلاندى. بىر چاغدا يىراقتىن بوغۇناق كۆرۈندى. ئۇنىڭ ئىچىدىن بىر ئاتلىق پەيدا بولدى. بەھرام ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىۋىدى، قارىسا ۋەزىرنىڭ ئادىمى ئىكەن، ئۇ زوھرەنى ئىزدەپ چىققان بىر توپ كىشىدىن ئايرىلىپ قېلىپ بۇتەرەپلەرگە كەلگەن ئىكەن.

ھېلىقى ئاتلىق تەكەببۇرلۇق بىلەن:

—ئەي بىھايا، ئەي قوغلاندى ھارامزادە. دەرھال زوھرە ھەلىكىدىن خەۋەر بەرگىن، ئەگەر جاھىللىق قىلساڭ بېشىڭنى تېنىڭدىن جۇدا قىلىپ، يەرنى گۇناكار قېنىڭ بىلەن بويايمەن!،-دېدى.

بۇ ھاقارەتلىك سوزنى ئاڭلىغان بەھرامنىڭ غالىس ئاچچىقى كېلىپ، قېلىچىنى سۇغۇرۇپلا ئۇنىڭ قوسىغىغا ئۇرغان ئىدى، قوسىغى يېرىلىپ شۇھامان ئۆلدى. بۇ ھارامزادىنىڭ ئېتى مەيداندىن چىقىپ باياۋان تەرىپىگە كەتتى.

بەھرام جەڭنى تامام ئەيلەپ، زوھرەنىڭ قېشىغا يېنىپ كەلدى. ئەمما نىمە سەۋەپتىنكىن، پەلەك ھەر ئايلىنىشىدا تۈمەننىڭ سېھىرگەرلىك كورسىتىپ تۇرغاچقا، بۇلاق بېشىدا زوھرە كۆرۈنمەيتتى.

## بەھرامنىڭ زوھرەنى تاپالمىغانلىقى

ئەلقىسە. ئەمدى گەپنى زوھرەدىن ئىشتەڭ كېرەك، زوھرە ئۇيقۇسىدىن تۇرۇپ قارىسا، بەھرام يېنىدا يوق. ئۇ يالغۇزلۇق قورقۇنچىسىدىن سارامىسمىگە چۈشۈپ، ئېتىغا مىنىپ ئەتراپنى بىرقۇر ئايلاندى، ئەمما بەھرامدىن ھېچقانداق نىشانە تاپالمىدى. ھەلىكە ناھايىتى خاپا بولۇپ، چىرايى تۈتۈلدى. ئۇ شۇنداق ئىزدەپ يۈرگەندە يىراقتىن بىر ئاتلىق كىشى كورۈندى. ئۇ ئاتلىقنى بەھرام بولساكېرەك، دەپ ئويلاپ، ئالدىغا ئاتچاپتۇرۇپ بېرىپ قارىسا، بۇ ئاتلىق يات كىشى ئىكەن. ئۇ دەرھال ئارقىسىغا يېنىپ چەشمە بويىغا كەلدى، زوھرا بەھرامنى ئىزدەپ كەتكەندە، بەھرام كېلىپ زوھرەنى تاپالماي ئىزدەپ ئەتكەن ئىدى، ئەمدى زوھرە كەلگەندە

ئۇ يوق، ئۇكەلگەندە زوھرە يوق.

بۇ ئىككىيلەن مۇشۇنداق يول ئادىشىپ، بىر-بىرىنى ئىزدەپ تېپىشالماي يۈردى-دە، ئاخىرى تەقدىرنىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن بىر-بىرىنىڭ ۋىسالىنى ئۈمىت قىلىپ يولغا چىقتى.

گەپنى زوھرەدىن ئىشىتمەك كېرەك. زوھرە جۇدالىق سەۋداسىدا كۆزىدىن ياش تۆكۈپ، قايسى تەرەپكە مېڭىشىنى، نەگە بېرىشىنى بىلمەي، تەۋەككۇللاسىغا دەشتۇ-باياۋانلارنى كېزىپ، يۈزمىڭ مۇشەققەتلەر بىلەن يول يۈرۈر ئىدى. كۈندۈزى پىژغىرىم ئىسسىق، تەشنالىق جاپا سالسا، كېچىسى دۇنيا زۇلمەت لىباسىنى كىيىپ، ئۇزسا يىسىمۇ ئەندىشىگە سەۋەپ بولۇپ، يەريۈزىدىكى ھەربىر ئۇششاق ئوت-گىيالارمۇ ئادەمدەك كۆرۈنۈپ دەھشەت سالاتتى.

زوھرەنىڭ ئىسىگە مەخمەل چۈشەكلەر سېلىنغان كورسى، شەددۇشېكەر يىمەكلىكلەر، «ھاي!» دېسە «لەببەي؟» دەپ تۇرىدىغان مۇلازىملارنىڭ بىرسىمۇ كەلمەيتتى، ئەكسىچە جۇدالىق زەخمىتىدىن زار-زار قاخشىغانلىغى، ئىشقىنىڭ يۈزمىڭ بالالىرىغا گىرىپتار بولغىنى، بەھرامىدىن ئايرىلغىنى يۈز ئەلەم پەيدا قىلىپ، ئاھۇ-ئاتەش يۈرەك جېگىرىنى پارە-پارە قىلىۋرئىدى. گاھ ئۆزىنىڭ دەشتۇ-سەھرادا يالغۇز قالغىنىنى ئەسلەپ يىغلىسا، گاھ بەھرامنىڭ ھال-ئەھۋالىدىن ئەندىشە قىلىپ يىغانچېكەتتى.

زوھرە سەككىز كېچە-كۈندۈز يول ماڭدى، توققۇزىنچى كۈنى تاڭغا يېقىن بىر شەھەرنىڭ قارىسى كۆرۈندى. ئۇ بىر ئېقىن سۇ بويىغا كېلىپ، يۇيۇندى، شۇ ئەسنادا شەھەر ئىچىدىن بىر توپ سىپاھلار بۇ تەرەپكە قاراپ كېلىشتى.

بۇ شەھەرنىڭ شاھزادىسى بىر جامائەت كىشىلىرى بىلەن شىكار قىلىش ئۈچۈن كېتىپ باراتتى. شاھزادىنىڭ كۆزى زوھرەگە چۈشتى. كۆردىكى بىر نازىنىن يىگىت يۇيۇنۇپ تۇرۇپتۇ. شاھزادە ئەرەنچە كېيىم ئىچىدىكى زوھرەنىڭ ئايال ئىكەنلىگىگە جەزىم ئەيلەپ، ھەمگۇمان قىلىپ ھاڭۋېقىپ قاراپ قالدى. ئۇنىڭ شىكار ھەۋىسى نەلەرگە يوقالدى. ئۇ زوھرەنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئەھۋال سورىدى:

—ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئەي يىگىت، قايسى ۋىلايەتتىن كەلدىڭىز؟ قايان بارۇرسىز؟

زوھرە شاھزادىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىغان بولۇپ تۇرىۋالدى. شاھزادە بۇ سوئالنى قايتىلاپ سورىدى. زوھرە نىمە قىلىش كېرەكلىگىنى بىر پەس ئويلانغاندىن كېيىن، ئاخىرى نائىلاج بولۇپ، يۇمشاق تىل بىلەن مۇلايىمۇ شېرىن سۆزلەپ مۇنداق جاۋاپ بەردى:

—ئەي شاھزادە، مەن غېرىپ، ناتىۋان يىگىت بىر ماكاندىن چىقىپ، ئىككىنچى ماكانغا بارماققا كېتىپ باراتتىم. ئالدىمغا بىر كېيىك ئۇچراشتى، شۇ كېيىكنى تۇتۇۋېلىش ھەۋىسى

بىلەن ئۆلۈمنىڭ ئارىسىدىن قوغلاۋېرىپتىمەن. كەچ بولغاندا قارىسام، ئۆز شەھرىمدىن يىراقلىشىپ كېتىپ يولدىن ئېزىپ قالدىم. ماڭا-ماڭا شەھرىڭىزگە كەپقالدىم...

— ئەي يىگىت، — دېدى شاھزادە زوھرەگە قاراپ، — يولدىن ئېزىپ قېلىش ئەيىپ ئەمەس، بىز تەرەپكە كېلىپ قاپسىز، خالىسىڭىز مېنىڭ مېھمىنىم بولۇپ بىرنەچچە كۈن ئارام ئېلىڭ. ھاردۇقىڭىز چىققاندىن كېيىن خالىغان ۋاقتىڭىزدا يولغا سېلىپ قويسام؟

زوھرە ئويان ئويلاپمۇ، بۇيان ئويلاپمۇ شاھزادىنىڭ تەكلىۋىنى رەت قىلىشنىڭ يولىنى تاپالمىغاندىن كېيىن، نائىلاج تەكلىپنى قوبۇل قىلدى.

شاھزادە خۇشاللىقىدىن شىكار ھەۋەسىدىن يېنىپ، ئويىگە قايتتى ۋە دەرھال زىياپەت داستىخىنى تەييارلاشقا بۇيرىدى.

شاھانە تائام ۋە شاراپلار تەييار بولغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ بىرنەچچە يېقىنلىرىنى چاقىرىپ ئولتۇرۇشتى.

سوھبەت ئارىسىدا شاھزادە زوھرەگە سوئال تاشلاپ:

— ئەي يىگىت ئىسمىڭىز كىم؟ — دەپ سورىدى. زوھرە ئويلىنىپ تۇرماستىنلا:

— ئىسمىم خەردەمەندە، — دەپ جاۋاپ بەردى.

داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن، دەم ئېلىش ئۈچۈن تارقاشتى، زوھرەگە ئورۇن راسلاپ بېرىپ، شاھزادە ئىچكىرىدىگە كىرىپ كەتتى ۋە ئىنىكئانىسىنى چاقىرىپ مۇنداق دېدى:

— ئەي ئانا، ھازىر ئويۇمدە خەردەمەندە ئىسىملىك بىر مېھمان بار، گەرچە ئۇ يىگىتتەك كىيىنىۋالغان بولسىمۇ، خاتۇنلار شىۋىسىدە سۆزلەيدۇ، ئولتۇرۇپ-قوپۇشلىرىمۇ خاتۇنلاردىن پەرقلەنمەيدۇ، ئۆزىنى ئەركەك قىلىپ كۆرسەتسىمۇ مۇجەز-خۇلقىدا ئەرلىك ئالامەتلىرى كۆرۈنمەيدۇ، مەن ئۇنى كۆرۈپلا ئىشقىغا مۇپتىلا بولدۇم، ئىجازەت بەرسەڭ ۋە يول كۆرسەتسەڭكى، مەن ئۇنىڭدىن ھاسىل مۇرات بولسام؟

— ئەي شاھزادەم، — دېدى ئىنىكئانا، — بەزى ئەركىشىلەر باركى، ئۇلار بالاغەتكە يەتمەستىن بۇرۇن سۆز-ھەرىكەتتە ئاياللارغا ئوخشاش بولىدۇ، بەزىلىرى ئۆي ئىچىدە خاتۇنلار بىلەن كۆپ ئارىلىشىپ ھەمسوھبەت بولۇشقان تۈپەيلىدىن كۆرۈنۈشى ئاياللاردەك بولىدۇ. ئەگەر سەن ئۇقماي تۇرۇپ مۇھەببەت ئىزھار قىلساڭ، ناۋادا ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ئەر بولسا، بۇ چاغدا ناھايىتى سەتچىلىك ئەمەسمۇ، يەنە شۇنىمۇ ئەستىن چىقارمىغىنكى، ئۇ كىشى بۇ شەھەرلىك ئەمەس، كېيىن ئۇ ئۆز يۇرتىغا قايتقاندا سېنىڭ ئىشىڭدىن ھېكايەت قىلسا، بۇ ھالدا ھۆرمەت-ئابرۇيۇڭ تۆكۈلۈپ، ئىناۋىتىڭ چۈشمەمدۇ؟ شۇڭا بۇنداق خىيال ۋە ھەۋەسنى كاللاڭدىن چىقىرىۋەتكىنىڭ ياخشى. ئەگەر ئۇ كىشى ئايال جىنسىدىن بولغاندىمۇ ئىنسانلار ئىچىدە ئەڭ يامان ئەدەپسىزلىك-شەھۋەتپەرەسلىكتۇر، سەن بۇ يولغا مېڭىپ ئۆزەڭنى بۇلغىما:

www.uyghurkitap.com



ئىنىكئانا شاھزادىگە يەنە مۇنداق دېدى:

— بۇ كىشى يۇرتىمىزغا مۇساپىردۇر، مۇساپىر دېگەننىڭ باغرى سۇنۇق، ئۆزى غېرىپدۇر. مۇساپىرنى نارازى قىلماق خۇدائالىدا چوڭ گۇناھ ئەمەسمۇ، ئادەمگە رەنجىمەك بابىدا ھەم ناھايىتى پەسكەشلىكتۇر، قوي بالام، بۇ يالغان ھەۋەسكە بېرىلمە، بۇ-پادىشازادىلەرنىڭ ماڭىدىغان يولى، قىلىدىغان ئىشى ئەمەس!

— ئەي ئانا، — دېدى شاھزادە، — سېنىڭ قىلغان نەسىھەتلىرىڭ تامامەن توغرا، لېكىن مەندە ئىلاج يوقتۇر، كۆڭلۈم ئۇنىڭ ھۆسنى-جامالىغا ئەسىر مۇپتىلادۇر، ئەس-ھوشۇم ئۇنىڭ تەرىپىگە مايىلدۇر، پىكرۇ-خىيال ۋە ئىختىيارىم ئۆز ئىلكىمدىن يىراقتۇر، ئەمدى ئۆزەمنى ساقلىيالمايمەن، نېمە قىلاي؟

— ئۇنداق بولسا، — دەپ مەسلىھەت كۆرسەتتى ئىنىكئانا، — مېھماننى ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن سىناپ كۆرگىن، ئالدىراپ قەدەم باسما، بولمىسا ئەل-يۇرت ئالدىدا سەتچىلىككە قالۇرمىز.

ئىنىكئانىنىڭ مەسلىھەتىنى ئالغان شاھزادە خەردەمەندە (زوھرە) نىڭ قېشىغا قايتتى. ئۇ ئۆز كېنىزەكلىرى ئىچىدىن ئەڭ گۈزەل ساھىپجامالدىن بىرسىنى چاقىرىپ كەلتۈردى ۋە خەردەمەندىگە:

— ئەي يىگىت، سىز كۆپ سەپەرلەردە زەھمەت چېكىپسىز، ئۆيىڭىزدىن ئايرىلغىلى ئۇزاق بولۇپتۇ، بۈگۈن كېچە بۇ كېنىزەك بىلەن سۆھبەت قۇرۇپ مۇرادىڭىزنى ھاسىل قىلغايسىز، — دېدى.

خەردەمەندە دەرھال ئۆزۈر خالىق بىلدۈرۈپ ئورنىدىن تۇردى ۋە سۆزلىدى:

— ئەي شاھزادە، بۇ ياخشىلىقىڭىزغا مىڭ مۇراتىبە رەھمەت. ئەمما، سەپەر ئۈستىدىكى كىشى ئۆيىدىن چىقىپ، ئۆيىگە بارغىچە ئۆزىنى پاك تۇتۇپ، نەپسى شەھۋەتكە بېرىلمەي، نامەھرەم پاتقىقىغا بۇلغانماي، پاك بېرىپ پاك قايتىش لازىمدۇر، شۇڭا سىز مېنى ئۆز ئىختىيارىمغا قويغايسىز!

شاھزادە نائىلاج بولۇپ، خەردەمەندىنىڭ رايىغا باردى، دېمەك ئۇنىڭ بىرىنچى قېتىملىق سىنىقى ئەمەلگە ئاشمىدى. شاھزادە ئىككىنچى تۈرلۈك سىناق يولىغا قەدەم باستى.

ئەتىسى شاھانە باغدىكى كۆل بويىنى سىرىپ-سۈپۈرۈپ، شاھانە بىساتلارنى سېلىپ تەييارلاتقۇزدى، خەردەمەندىنى كۆل بويىغا تەكلىپ قىلىپ، كەلگەندە ئولتۇرغۇزۇپ ئىززەت-ئىكرام بىلەن مېھمان قىلدى. ئۇ بۇرۇن تەييارلاپ، كۆل ئىچىگە تاشلاپ قويغان قىمىقنى خەردەمەندىگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

مېھمان يىگىت، تۇرۇڭ، يېشىنىپ كۆلگە چۈشۈپ يۇيۇنۇۋېلىڭ. بەدىنىڭىزدىكى تەر-كىرلار پاك بولسۇن، ۋۇجۇدىڭىزدىن ئوپئونەت كۆتۈرۈلسۇن، ھاردۇغىڭىز چىقىپ، سالامەتلىكىڭىز ئەسلىگە كەلسۇن، — دېدى.

خەردەمەندە، شاھزادىنىڭ مۇشۇھەلە ئارقىلىق ئۇزىنى سىناپ بېقىۋاتقانلىغىنى سىزىپ قالدى، شۇڭا ئۇدەرھال ئۇزۇر ئېيتىپ:

— ئەي شاھزادەم، مەن ئۇزاقتىن بېرى ئۇسسىمىق جەزىرىمە، قۇم-چۆللەردە يۈرۈپ ھارارەتكە گىرىپتار بولغانمەن، ھېلىھەم بۇھالەتتىن جۇدا بولغىنىم يوق، ناۋادا سۇغا چۈشىدىغان بولسام سەپەر ھاردۇغى، ئوپئونەت، ھارارەت بىرلىشىپ بەندە-ئەزايىمغا كېسەل چاپلاشقۇسى، بۇھالدا سالامەتلىگىمگە زىيان يەتكۈزۈۋالىمەن. ھىممىتىڭىزگە رەخمەتكى، مېنى بۇشەپقەتتىن ئازات قىلسىڭىز؟ — دېدى.

شاھزادىنىڭ ئەمگەكچى نەۋەتەلەك ھەلىسىمۇ كارغا كەلمىدى.

زىياپەت ئاياقلاشقاندا شاھزادە خەردەمەندىگە قاراپ:

— مېھمان يىگىت، ئۇۋغا مەيلىڭىز قانداق؟ مېنىڭچە ئەرتە ئىككىمىز شىكارغا چىقساساق، بىر-بىرىمىزنىڭ باتۇرلىغى، پەھلىۋانلىغىنى ئېزۋداسىناپ بورە، توڭگۇز، شىرلارنى ئولتۈرۈپ كەلسەك؟ — دېدى.

خەردەمەندە بۇتەكلىپنى رەت قىلىشقا باھانە تاپالمىغاچقا رازىلىق بەردى. ئۇ، شاھزادىنىڭ مۇشۇ يول بىلەن ئۇزىنى سىناپ، ئەر- ئاياللىغىنى بىلمەكچى ئىكەنلىكىنى تۇيۇپ قالدى.

تەڭ كېچە بولغاندا خەردەمەندە خۇپىيانە ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ، شىكارگاھقا باردىۋە ئوۋچىلارنى تېپىپ ئۇلارغا ئۇز ئەھۋالىدىن ئەرز قىلدى. ئۇلارنىڭ ھىمداشلىغىنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن نۇرغۇن ئىنئام ۋەسوغا-سالاملارنى تەقدىم قىلدى ۋە دەرھال بىر-بورى، بىر توڭگۇز، بىر ئەركەك شىرنى تۇتقۇزۇپ، بۇ ۋەھشىلەرنىڭ چىشلىرىنى چاقتى، ھەر بىرسىنىڭ تىرىسىدىن تاسما تىلغۇزۇپ بېلىگە باغلىۋالدى، ئاندىن كېيىن ئوۋچىلارغا:

— سىلەر تاڭنىڭ يورىشى بىلەن ئوردىغا كىرىپ شاھزادىگە «بىر يىگىت كېچە كېلىپ بۇ يەردىكى ھايۋانلار بىلەن يەكمۇ-يەك ئېلىشىپ، ئۇلارنى يېڭىپ، ھەر خىل ھايۋانلارنىڭ قۇلاق، قۇيرۇقلىرىنى كېسىپ، تىرىسىدىن تاسما تىلىپ كەتتى، بىز ئۇنىڭ پەھلىۋانلىغىدىن ھەيران بولدۇق» دەڭلار، — دەپ كەپ ئۇگەتتى.

ئەتىسى شاھزادە ئەتىگەنلىك چېيىنىمۇ ئىچمىگەندە ئوۋچىلار ئەرزىيات ئېيتىپ كېلىپ:

— ئەي شاھزادەم، كېچىدىن مۇنداق-مۇنداق رەڭلىك بىر يىگىت پەيدا بولۇپ ۋەھشى ھايۋانلار ئۈستىگە ئوقيا ئېتىپ، قىلىچ چېپىپ، ئۇلارنى سۇرتوقاي قىلىۋەتتى. تېرىلىرىدىن تاسما تىلدى، قۇلاق- قۇيرۇقلىرىنى كېسىپ ئېلىپ كەتتى، بىزھا زىرغىچە مۇن-

داق باتۇر، مۇنداق پەھلىۋاننى كۆرگەن ئەمەسمىز، — دېيىشتى.

شاھزادە ھاڭ-تاڭ بولۇپ تۇراتتى، خەردەمەندە ھېچ ئىشنى ئۇقمىغان بولۇپ كىرىپ كەلدى-دە، ھېلىقى ۋەھشىلەرنىڭ قولاق-قۇيرۇقلىرىنى، تىرىسىدىن تىلىنغان تاسمىلارنى ئوتتۇرىغا تاشلىدى.

شاھزادە بۇ ھالدىن ھەيران- ھەس بولدى، ئۆزىنىڭ ئۈچىنچى قېتىملىق ھىلىسىنىڭمۇ ئىشقا يارىمىغانلىقىدىن ئەپسۇسلاندى، نەخمەيداندىكى نەۋكەرلەر خەردەمەندىگە ئاپىرىن-تەھسىن ئوقىدى.

شاھزادە نېمە قىلارىنى بىلمەي، ئىنىگىئانىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئەھۋالنى بايان قىلدى. ئىنىگىئانىسى:

— ئەي شاھزادەم، بۇ ئىشقا ئانچە خاپا بولۇپ كەتمەي، ئۇنى يەنە بىر قېتىم سىناپ كۆرسەڭ قانداق؟ — دېدى.

— قايسى ئۇسۇل بىلەن؟ — دەپ سوردى شازادە،

— بۈگۈن ئاخشام يېقىن دوستلىرىڭدىن بىر قانچىسىنى يىغىپ، ئولتۇرۇش قىلغىن، ھەممەيلەن مېھمان يىگىتنى شاراپقا زورلىسۇن، بۇ ھالدا ئۇ كوپ ئىچىپ مەس بولىدۇ، مەس ئادەم ئۆزىنىڭ ئەسلى تەبىئىتىنى يوشۇرۇپ قالالامدۇ؟.

شاھزادە بۇ تەدبىرنى ماقۇل كوردى. كەچتە يېقىن دوست يارانلىرىنى چاقىرىپ زىياپەت ئۇيۇشتۇردى. كۆزا-كۆزىلاردا دىۋىلەرنىمۇ مەس قىلغۇدەك شاراپلار كەلتۈرۈلدى. ئولتۇرۇش باشلانغان ھامان، شاھزادە قولىغا جام ئېلىپ:

— يېڭى كەلگەن مۇساپىر يىگىتنىڭ مۇبارەك قەدىمى ئۈچۈن! — دەپ خەردەمەندىگە شاراپ تەڭلىدى. شاھزادىنىڭ كەينىدىنلا يەنە بىرسى شۇنداق قىلدى. دېمەك، بىرسى «يېڭى تونۇشقانلىقىمىز ئۈچۈن» دېسە، يەنە بىرسى «سالامەتلىكىڭىز ئۈچۈن» دەپ ئۆزمەي شاراپ تەڭلىدى.

خەردەمەندە بۇلارنىڭ كۆڭلىدىكى غەرەزىنى بىلىپ قالدى-دە، ئۇلارنىڭ ئۆز يولى بىلەن ئۆزىنى باپلاپ، چىرايلىق سوزلەر بىلەن ئالداپ، شاراپنى كورسەتمەي يەرگە تۆكۈپ، قۇرۇق قەدەھنى ئاغزىغا تەككۈزۈپ قويۇپ ئولتۇردى. ئولتۇرۇشنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە بۇ مەجلىستىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى مەس بولۇپ يىقىلدى.

خەردەمەندە كوردىكى، ھەممىسىنىڭ بېشى ئاستىن، پۇتى ئۈستۈن؛ بىرسىنىڭ پۇتى يەنە بىرسىنىڭ كاللىسىدا ئۆلگەندەك بىھوش يېتىپتۇ.

خەردەمەندە ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، شاھزادىنىڭ بېلىدىن خەنجەرنى سۇغاردى ۋە بۇ كىچە تولا پۇچىلىق قىلىپ، ئەدەپتىن چىققانلارنىڭ كالپۇك ۋە بۇرۇنلىرىنى كېسىپ،

ساقىنىڭ ئالدىغا تاشلاپ قويۇپ، تالاغا چىقتى-دە، ئېتىنى توقۇپ مىنگىنىچە شەھەردىن چىقىپ كەتتى.

ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا شاھزادە مەستلىكتىن ئويغىنىپ قارىغۇدەك بولسا، كوپلىرىنىڭ كالپۇك، بۇرۇنلىرى كېسىلگەن ھالدا كوردى. شاھزادە باشقىلارنى ئورنىدىن تۇرغۇزغاندىن كېيىن ئىزايۇ-ئەلەم دەردىدە نېمە قىلارىنى بىلمەي قېلىشتى. شاھزادە مەيدىسىگە چاپلانغان خەتنى ئېلىپ ئوقۇدى. خەتتە مۇنداق يېزىقلىق ئىدى:

«ئەي ئىلىمگەر، ئەخمەق، ئەقىلسىز، يالغانچى شاھزادە، سىنى مەن پادىشازادە دەپ ھورمەتلەپ، سوزۇڭگە ئىشىنىپ شەھرىڭدە مېھمان بولدۇم، ئەپسۇسكى سەن زاتىڭغا يارىشا ئىش قىلمىدىڭ، يامان نىيەتتە بولدۇڭ. بۇ ئىللەتتۈركى، ھەرگىزمۇ شاھ نەسلىدە بولىدىغان پەزىلەت ئەمەستۇر، نەسىھىتىم شۇكى ئاخشامقى شەرمسارلىغىڭدىن ساۋاق ئال: كىشىلەرنى مېھمانغا چاقىرما، ناۋادا چاقىرغان ئىكەنسەن يامان نىيەتتىن قول يىغ!»

شاھزادە خەتنى كورۇپ ھۇش كاللىسىدىن كەتكەندەك بولدى. مەيىپ بولغان بەگزادىلەر غوغا كوتىرىشتى. خەردەمەندىنى ئىزلىتىپ توت تامغا ئادەم ماڭغۇزدى. بۇ كېچىدىكى رەسۋالىق پۈتۈن شەھەرگە تارقالدى. ئەتراپ-ئالەمگە پۇر كەتتى...

زوھرە، شازادىگە ئىزا-ئاھانەت كەلتۇرۇپ بۇ شەھەردىن ئايرىلىپ، يىگىرۇك ئېتىنىڭ ياردىمى بىلەن بۇلەك بىر شەھەر تەۋەسىگە يېتىپ كەلدى. ئۇ شەھەرنى ئايلىنىپ يۇرۇپ بىر گۇل ساتقۇچى خوتۇننىڭ ئويىگە كىردى. گۇل ساتقۇچى خوتۇن زوھرەنىڭ ھوسنى-جامالىدىن ھەيران بولۇپ:

—ئەي يىگىت، سەن قايسى بوستاننىڭ سەرۋىسى؟ قايسى ئاسماندىن چۇشكەن ئايسەن؟ سېنىڭدەك نازىنىن ھەرگىزمۇ ئادەملەر نەسلىدىن تۇرەلگەن ئەمەستۇر. سەندەك چىرايلىقنىمۇ ھېچقانداق كوز كورمىگەندۇر، راستىڭنى ئېيتقىن، ئىسمى زاتىڭ كىمدۇر؟ —دېدى.

زوھرە ئېيتتىكى:

—ئەي مېھرىۋان ئانا، مەن بىر غېرىب مۇساپىرمەن، ئىسمىمنى خىردەمەندە دەيدۇ، ئاتام سودىگەر ئىدى، ئۇ ئولگەندىن كېيىن، ئالەمنىڭ ھەۋەسلىرى كوڭلۇمگە چۇشۇپ، جاھاننىڭ ياخشى-يامانلىرىنى كورەي دەپ ئاتا يولىدىن سودىگەرچىلىككە چىققان ئىدىم، تەجرىبىسىز بولغانلىغىمدىن، كارۋان قاتارىدا كېلىۋاتقاندا ئات ئۇستىدە غەپلەت ئۇيقۇسىغا مۇپتىلا بولۇپتىمەن. ئېتىم باشقا تەرەپكە كېتىپ قېلىپ ئېزىقىپ كەتتىم، قانچە ئىزدەپمۇ كارۋاندىن نام-نىشانە تاپالماي تەقدىر ئىلاھى بىلەن بۇ تەرەپكە كېلىپ قالدىم. ئەگەر رەھمە قىلسىڭىز ئويىڭىزدە بىر قانچە كۈن تۇرۇپ، يول ھاردۇغۇمنى چىقىرىۋالغان بولسام؟، زوھرە سوزىنى تاماملاپ گۇل ساتقۇچىغا يېنىدىن بىر قانچە تىللا پۇل چىقىرىپ ئىنـ

ئام قىلدى. گۈلچى خوتۇن خۇرسەندە بولۇپ ئېيتتى:

-ئەي ساخاۋەتلىك ئوغلان، ھېلىغۇ بىر نەچچە كۈن ئىكەن، پۈتۈن ئۆمرۈڭنى بېشىم ئۈستىگە قويساڭمۇ رازىمەن، خالىغىنىڭچە مېھمىنىم بول!

ئۇز ئىسمىنى خەردەمەندە قىلىپ ئۆزگەرتكەن زوھرە گۈل ساتقۇچى خوتۇننىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ قالدى. ئۇ ئۆمرىنى بىھۇدە بىكارچىلىقتا ئۆتكۈزۈشنى خالىماي دوكان ئاچتى. ئۆيلىدىكى: «يۇقاتقان گوھىرىم شاھزادە بەھرام قايسى بىر تەرەپتىن بۇشەھەرگە كېلىپ قالسا، تېپىپ ئالسام ئەجەپ ئەمەس!»

خەردەمەندە كۈندۈزى سودا تىجارىتى بىلەن، كېچىلىرى ئاشىقى شاھزادە بەھرامنىڭ پىراقى بىلەن مەشغۇل بولۇپ يۈردى.

دوكاندا خەردەمەندىنىڭ داڭقى-تەۋسىپى تېزلا ئەتراپقا تارقىلىشقا باشلىدى. كىشىلەر ھەر تەرەپتىن ئۇنى كۆرۈش ئۈچۈن كېلىۋر ئىدى.

ئەلقىسسە. سوز ئىشىتمەك كېرەك شەھەر پادىشاسىنىڭ قىزىدىن.

بۇ شەھەر پادىشاسىنىڭ بىر قىزى بولۇپ، نامى پەرى پەيكەر ئىدى. جەننەتنىڭ ھورلىرى، كوھى قاپنىڭ پەرىزاتلىرى بۇ قىزنىڭ ھۆسنى جامالىغا ھەسەت قىلىۋر ئىدى. خەردەمەندىنىڭ چىرايلىقلىغى توغرىسىدىكى سوز چوچەكلەر پەرى پەيكەرگە ئاڭلاندى. بۇ داڭ تەۋسىپىنى ئاڭلىغان قىز پەرى پەيكەر خەردەمەندىگە غايىۋانە ئاشىقى-مۇپتىلا بولدى. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئىشققا تاقەت قىلالماي، مەخپى ھالدا گۈل ساتقۇچى خوتۇننى چاقىرتىپ، بىر مۇنچە ئۈنچە-مەرۋايىتلارنى سوغا قىلغاندىن كېيىن ئۆز مۇرادىسىنى سوزلەپ، سودىگەر خەردەمەندىنى بىر كورسىتىشنى ئىلتىماس قىلدى. ئۇلار مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن پەرى پەيكەر ئەرەنچە ياساندى ۋە گۈل ساتقۇچىنىڭ مېھمىنى سىياقىدا بۇ ئۆيگە كېلىپ خەردەمەندەنى كورۇپ، ئۇنىڭ جامالىنى زىيارەت قىلىپ قايتتى.

پەرى پەيكەرنىڭ ئاتىسى-شاھ، بىركۈنلىرى شىكار قىلماق بولۇپ سەھراغا چىقتى. خەردەمەندە ھەم ئېتىغا مىنىپ شاھقا ھەمرا بولۇپ باردى.

شىكار مەيدانىغا يەتكەندە ھەممە يلەن سەپ تارتىپ تۇرۇشتى. خەردەمەندەمۇ سەپكە تىزىلىپ ئوقياسىنى قولغا ئالدى. ئۇ ئالدىغا كەلگەن ئوۋنىڭ بىرسىنىمۇ قاچۇرماي بىر ئوقتا بىردىنى يىقىپ شاھ ۋە ئۇنىڭ نەۋكەرلىرىگە ياراپ قالدى...

شاھ خەردەمەندىنىڭ ئوۋدىكى چاققانلىغى، نازۇك ۋە ئەرۋىشىم بەدىنى، گۈلدەك ھوسنى جامالىنى كورۇپ، شۇ ھامان ئىشىق ئوتىغا گىرىپتار-مۇپتىلا بولدى. ئىلاجىسىزلىغىدىن، شىكار قىلىش ھەۋىسىدىن قايتىپ ئوردىسىغا ياندى.

شاھ ئوردىدىكى يېقىنلىرىدىن «ئۇ قانداق كىشىدۇر؟» دەپ سورىدى. نەۋكەرلەردىن بىرى

— بۇ يىگىت مۇساپىر ئىكەن. يېقىنقىنىڭ ياغى شەھىرىمىزگە كېلىپ سودىگەرلىك دوكىنى ئېچىپتۇ. سودىگەر يىگىتنى كورۇش ئۈچۈن تەرەپ-تەرەپتىن كىشىلەر كەلگۈدەك، دەپ ئاڭلىدىم، — دېدى.

شاھ ئىشتىياق شىددىتى بىلەن پەرمان بېرىپ:
ئۇ يىگىتنى دەرھال مېنىڭ ئالدىمغا ھازىر قىلىڭلار! — دېدى.

— نەۋكەرلەر خەردەمەندەنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ، شاھنىڭ پەرمانىنى ئۇنىڭغا ئاڭلاتتى. خەردەمەندە ئۆزىنى راۋرۇس تۈزەپ، شاھانە كىيىملەرنى كىيىپ، ئوردىغا ھازىر بولدى. سالام-سائەتتىن كېيىن شاھنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئولتۇردى.

شاھ خاس مەھرەملىرىدىن باشقىلارنى چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇپ، خەردەمەندەنىڭ زوقى كامالىغا نەزەر سېلىپ، بىر ئېغىز سوز قىلىشقىمۇ دەرمانسىز ئولتۇرغان چاغدا، شاھنىڭ قىزى پەرى پەيكەر ئوردىغا ئېچىلىدىغان دەرىزىدىن خەردەمەندىنىڭ ھوسنىگە قاراپ تاماشا قىلدى. بىرچاغدا ئىشق سەۋدالىغى تۇتۇپ، ئېھتىياتنى ئۇنتۇپ، بىرنەچچە ئې-غىز سوز ئېيتىپ تاشلىدى. شاھ كەينىگە بۇرۇلۇپ قاراپ قىزىنى كوردى. ئۇ ھايا پەردىسىنى قايرىپ تاشلاپ، نومۇس شىشىسىنى ئىشق تاشلىرىغا ئۇرۇپ سۇندۇرغىنىنى كورۇپ خەردەمەن دەگە ئىجازەت بەردى.

خەردەمەندە قايتقاندىن كېيىن، ئوردا ئەھلىنى يىغىپ، بولۇپ ئوتكەن ئىشلارنى ئۇ-لارغا بايان قىلدى. ۋەزىرلەر بىر ئاش پىشىمغىچە باشلىرىنى تۆۋەن قىلىپ، ئويلىغاندىن كېيىن شاھقا ئەيتتى:

— ئەي شاھا، سىز مەسلىھەت سورىدىڭىز، شۇڭا بىزنىڭ جاۋاپ بەرمىگىمىز كېرەكتۇر. مۇ-ھەببەتنى ساندۇققا سولاپ قويغىلى بولمايدۇ. كوڭۇل-يېرىم پادىشادۇر. ئەگەر مەسلىھەتى-مىزگە كونسىڭىز، بىزدىن مەسلىھەت شۇكى، بۇ ئىشلار خەلقى ئالەمگە ئاشكارا بولماستا، مە-لىكەمنى مۇشۇ سودىگەر يىگىتكە ھەق نىكالاپ بەرسەك، چۈنكى ئىشقىنىڭ يۈكى ئېغىـردۇر. بۇ يۈكنى كوتەرمەك بىسيار مۇشكۇلدۇر. بىلىشىمىزچە، مەلىكە بۇيىگىت مۇھەببىتىنىڭ ئىشقى ئاغامچىسىغا باغلىنىپتۇ. ئۇنى يەشمەك تەس. تەقدىرنىڭ يازمىشى شۇنداق بولسا،، ئاشىقنى مەشۇققا، گوھەرنى سەدىپقا جۈپلىماقتىن باشقا چارە يوقتۇر. پەقەت مۇشۇ ئۇسۇل بى-لەن خەلق ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان سوز-چۈچەك، بەدنامىدىن قۇتۇلغىلى بولىدۇ. ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇيىگىتمۇ ئېسىلزادىلەر نەسلىدىن ئوخشايدۇ. چىراي-شەكلىدىمۇ كەمچىلىك كو-رۇنمەيدۇ. شۇڭا بۇ ئىشنى كەينىگە تارتىش-تەخىر قىلىش تەدبىردىن ئەمەستۇر...

شاھ ئوردا ئەكابىرلىرىنىڭ مەسلىھەتىنى ماقۇل كوردى ۋە نەۋكەرلىرىگە:

— خەردەمەندىگە خەۋەر يەتكۈزۈڭلار، بىزنىڭ مەسلىھەتىمىزدىن ۋاقىپ بولۇپ تېزدىن

تويتەييارلىقىنى پۈتكۈزۈپ ھازىرلانسۇن ،-دەپ بۇيرىدى.

خەردەمەندە شاھنىڭ ئەيتقانلىرىنى ئاڭلاپ، بۇھىلىگەر پەلەكنىڭ تىلسىملىق تاماشالىرىدىن ھاڭ-تاڭ قالدى. دىلىدا يۈزمىڭ ئاھ ئۇردى ۋە نەۋكەرگە:

مەن بىرغېرىپ مۇساپىر، پادىشانىڭ بۇمېھر دۇۋانلىغى ۋەبۇ مەرھەممىتىگە قانداقجاۋاپ بېرىشكە تىلىم ئاجىزدۇر، ئەمما مەنمۇ ئۆزيولۇمنى تېپىپ، قەدەمنى ئۆزھالىمغالايىق باسمىغىم لازىمكى، شاھقا بالا بولۇش ھەددىم ئەمەستۇر.،-دەپ ھوزۇرئەيتتى.

شاھ بۇجاۋاپتىن بىرئاز ھەيران بولدى ۋە يەنە ئادەم بۇيرۇپ مۇنداق دېدى:

— بېرىپ سوراڭلار، ئۇنىمە ئۈچۈن مۇنداق دولەتنى خالىمايدۇ؟ بۇندىن ئىلگىرى نۇرغۇن ئالى مەرتىۋىلىك كىشىلەر پەرى پەيكەر ۋەسلىنى ئارزۇ قىلغان بولسىمۇ، لايىق كۆرمىگىنىمدىن ئۇلارغا بۇ بەخت نېسىپ بولمىدى. ئەجىبا رەنجى مۇشەققەتسىز ھالدا بەخت ئىشىگى ئېچىلىپ-ئۇ بۇئىشىكتىن كىرىشنى خالىمىسا؟...

خەردەمەندە بۇسوئالغا مۇنداق ئۇچۇر ياندۇردى:

— بىلمەمەنكى، پادىشالىق بارىگاھ ئىززەت، جۇملىدىن شاھانە ئۇلۇغلۇق دۆلىتىگە يېتىشمەك-ئاللانىڭ رەھمىتى. ئەمما بۇ ئۇلۇق سائادەتنى قوبۇل قىلالمىسلىغىمنىڭ سەۋەۋى شۇكى، بىرىنچىدىن بېشىمدا مۇھىم بىر ئىش بار، شۇڭا خانىمانىمدىن ئايرىلىپ، دەشت-باياۋانلاردا ئاۋارە بولۇپ يۈرگەنمەن. ئىككىنچىدىن، بىر مۈشكۈل ئىشىم بولۇپ، ئۇنى ئاللادىن ئۆزگە ھېچكىشى راۋا قىلالمايدۇ. مەن بۇئىككى تۈرلۈكخىجالەتتىم تۇپەيلىدىن مۇشۇ ھالدا يۈرگەن كىشىمەن. لېكىن ئۇنى ھېچكىمگە ئەيتماسمەن، خۇدا رەھىم قىلىپ،مۇرادۇ-مەقسىدىم ئىشىگىنى يۈزۈمگە ئاچقاندىلا، ئاندىن بۇدۇنيا لەززىتىگە قەدەم باسىمەن. ئۇنىڭغىچە شەھۋانە نەپسىم يولىغا قەدەم ئالمايمەن!...

پادىشا خەردە مەندىنىڭ جاۋاۋىنى ئاڭلاپ، بىرپەس ئويلانغاندىن كېيىن:

— ئۇنداقبولسا، ئۇنىڭ دىگىنىچە بولسۇن، لېكىن قىزىم پەرى پەيكەرنىڭ تەسەللىسى ئۈچۈن نىكاھ قىلىپ قويسۇن. تاكى يىگىتنىڭ مۇرات گۈلى ئېچىلغۇچە بۇئىشلارنىڭ مەخپىيىتى پەرى پەيكەر بىلەن خەردەمەندىنىڭ ئوتتۇرىسىدىلا قالسۇنكى، غەيرىلەر خەۋەردار بولمىسۇن،-دەپ بۇيرىدى.

خەردە مەندە پادىشانىڭ پەرمانىنى رەتقىلىشنىڭ يولىنى تاپالماي، بوخا پېلىقنىڭ چارىسى يوقلىغىنى ھىس قىلىپ، ئىلاجسىزلىقتىن تەقدىرگە تەن بەردى ۋە شاھنىڭ سۆزىگە قوشۇلىدىغانلىغىنى بىلدۈردى.

يەتتە كېچە-كۈندۈز ئۆتكۈزۈلگەن كاتتا، داغدۇغىلىق تويمۇراسىمىدىن كېيىن، گوھەرنى ياقۇتقا جۈپ قىلدى.

خەردەمەندە كورۈنۈشتە شات يۈرگەندەك، پەرىپەيكەر بىلەن مەشرەپ بەزمە تۈزگەندەك يۈرسىمۇ ئەمەلىيەتتە ھەركېچىسى مەھبۇبىسى شاھزادە بەھرامنىڭ ئىشقى-دەردىدە يىغلايتتى. كۈن-ئايلار ئۆتۈپ، يىللار ئۆرۈلۈپ، ۋاقتى-سائىتى كەلگەندە پادىشا دۇنيادىن ئۆتتى. شاھنىڭ ئوغۇل پەرزەندى بولمىغاچقا، پادىشالىق تاج خەردەمەندىگە كېيگۈزۈلدى. خەردەمەندە تاج كەيگەن كېچىسى خوداغا يىغلاپ:

خودايا، بۇپادىشالىق تاجى ئەسلىدە شاھزادە بەھرامغا لايىق ئىدى. ئۇ، مېنىڭ مۇھەببىتىمنى دەپ يۇرتتىن ھەيدىلىپ، ئەززەتتىن ئايرىلىپ قالدى. ئۇ ھازىر قانداق مۇشەققەت ئىچىدە؟، نەلەردە؟ سەرگەردان بولۇپ يۈرىدىغاندۇ، ھايات بارمىدۇ؟ خودايا، ئۇبىچارە ئاشىقنى غەمدىن ئازات ئەيلەپ، پات-پۈرسەتتە مېنىڭ ئالدىمغا يەتكۈزسەڭ، مەن مەزلۇم بىچارىنى مۇراد-مەقسەتكە ئېرىشتۈرسەڭ،-دەپ زار-زار يىغلىدى. بىچارىنىڭ دۇئاسى ئىجاۋەت نىشانىسىگە يەتتى.

**ئەلقىسسە.** ئىشتىمەك كېرەك، شاھزادە بەھرامنىڭ خەردەمەندە بىلەن دىدار جەم بولغانلىغىنىڭ باياندىن.

خەردەمەندە بىركۈنى باغ ئىچىدە ئولتۇرۇپ، خالايىققا كورۈنىش قىلىپ، داتخورلارنىڭ داد-ھالىنى سوراپ، پۇقرالارنىڭ مۇشكۇلىنى ئاسان قىلىپ تۇرغىنىدا، بىر قاغا دەرەخ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ «قاق-قاق» دەپ ئىككى قېتىم قىچقاردى. خەردەمەندە قاغىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، خوشال بولغىنىدىن مۇنداق دېدى:

—ئەي ئۇچارلىغ، سېنىڭ قىچقىرىشىڭ ساداقەتنىڭ بەلگىسى، مەن ئۇنى يار ۋىسالىغا يېتىشنىڭ بىشارىتى دەپ بىلدىم. ناۋادا، سېنىڭ بۇسايرىشىڭدىن ماڭا ياخشىلىق كېلىپ، مېنىڭ بەھرامىم-ئۇغايىبىم ئالدىمدا ھازىر بولسا، ھىجران زۇلمىتى ۋەسال شامىلىرى بىلەن يورۇپ مىنەۋۋەر (روشەن) بولسا؛ قەسەم قىلىمەنكى، سېنىڭ كەلتۈرگەن خوشخەۋىرىڭنىڭ ھەققى-ھورمىتى ئۈچۈن، سەن قونغان بۇدەرەخنىڭ شاخلىرىنى ئالتۇن، جاۋاھىراتلار بىلەن بېزىگەيمەن، سەن قونغان يەرگە بىر ئۇۋا ياساپ، دەرەخ ئەتراپىغا خامان-خامان دانلارنى، سەن ئامراق ناز-نېمەتلەرنى دۆۋىلەتكۈزگەيمەن. سەن ھېچقانداق دىشۋار- مالامەت كورمەي يېگەيسەن!...

خەردەمەندە قاغىغا قاراپ يوقارقىدەك شېرىن زۇۋان بىلەن سوزلەپ تۇرغىنىدا، كوزى، يېراقتا چولتەرەپتىن قولىغا ھاسا تۇتقان، كىيىملىرى جۇل-جۇل بىر كىشىنىڭ كېلىۋاتقىنىغا كوزى چۈشتى.

ئۆكتەشى يېقىنلاپ كەلگەندە، قاراپلا ئۆزىنىڭ بولاق بېشىدا يوقىتىپ قويغان شاھزادىسى بەھرام ئىكەنلىكىنى تونىدى.

بەھرام تەختىگاھ ئالدىغا كېلىپ تاج ئىگىسىگە تازىم قىلدى. قارىغىدەك بولسا بىر نازىنىن، جىلۋىدار چىرايىدىن نۇر ياغدۇرۇپ تۇرۇپتۇ. ئۇ زوھرەنىڭ بۇ يۇرتتا پادىشالىق قىلىۋاتقىنىنى ئويلاپ خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن ئىدى. شۇڭا: «ئەجەبا، بۇ پادىشانىڭ جامالى زوھرەگە ئەجەپ ئوخشايدىكەن» دەپ ئويلىدىيۇ، ئاغزىدىن چىقىرالمىدى.

زوھرە بەھرامنىڭ چىرايىغا سەپ سېلىپ قارىغۇدەك بولسا، ئاپتاپنىڭ كۆيدۈرۈشىدىن، مۇساپىرچىلىقنىڭ يامانلىقىدىن، سەپەر زەخمىتىدىن ئۇنىڭ گۈلدەك چىرايى قارىداپ ۋە بەدىنى ئورۇقلاپ كەتكەن ئىدى. خەردەمەندە تاقەت قىلىپ تۇرالماي سورىدى:

— ئەي مىسكىن، سەن قايسى ۋىلايەتتىن بولىسەن؟ كورۇنۇشىڭچە پادىشازادىگە ئوخشايسەن، ئىسمى زاتىڭ كىم، سىنى بىر يەردە كۆرگەندەك قىلىۋاتىمەن؟

بەھرام بۇ تونۇش ئاۋازنى ئاڭلاپ، جاۋاپ ئورنىغا ئاھ ئۇرۇپ، كۆزىدىن تارام-تارام ياش توكتى.

خەردەمەندە دەرھال تەختتىن چۈشۈپ، بەھرامنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ يىغلاپ، بىھوش بولۇپ يىقىلدى. بۇ ئەھۋالدىن ھەيران بولغان ئوردا ئەھلى شاھنىڭ ئۈستىگە گۈلاپ سۇيى چاچتى. سائەتتىن كېيىن ئۇ ھۇشىغا كەلدى، خەردەمەندە بەھرامنىڭ قولىدىن تۇتۇپ ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ كىرىپ تۈركە باشلىدى ۋە ھەرقايسى ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشت، دەرت-ئەلەملىرىنى بايان قىلىشتى.

خەردەمەندە ئۆز مەھبۇبىنىڭ ساق-سالامەت يېتىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن يۈزمىڭ شۈكرى-سانالار ئېيتىپ، بېشىدىكى شاھلىق تاجىنى ئېلىپ بىر تەرەپتە قويدى. ئاندىن بىر كېنىزەكنى بۇيرۇپ پەرى پەيكەرنىڭ بىر قۇر كىيىمىنى ئېلىپ كېلىشنى بۇيرىدى.

ئۇ كىيىنىپ، چاچلىرىنى تاراپ ۋە تالمۇ-تال ئورۇپ، قاشلىرىغا ئوسما قويۇپ، ئالتۇن ئەسۋاپلار بىلەن زىننەتلىنىپ، مەلىكە پەرى پەيكەرنىڭ قېشىغا كىردى. مەلىكە پەرى پەيكەر ئۆز ئېرى — شاھنى بۇ ئايال سۈپەت بىلەن كۆرۈپ، جىن خىيال قىلىپ، بىھوش بولۇپ يىقىلدى.

ھايال ئۆتمەي مەلىكە، كېنىزەك، غۇلاملار ئارىسىدا سۆز تارقاشقا باشلىدىكى، «شاھ سۈرىتى مۇبەددەل بولۇپ، تاجى-رومالغا، ئەرلىكى ئايالغا ئۆزگىرىپتۇ».

خەردەمەندە، مەلىكە پەرى پەيكەرنىڭ قولىدىن تۇتۇپ ئېيتتى:

— ئەي مەلىكەم، بىلىپ قويغىنكى، مېنىڭ ئەسلى جىنسىم ئايالدۇر، ئىسمىم خەردەمەندە بولماستىن، بەلكى زوھرەدۇر، مەن ئەسلى ۋەزىرنىڭ قىزى ئىدىم، تەقدىر شامىلى بىزنى ئايرىپ تاشلاپ

(ئاخىرى 88-بەتتە)

# شائىرنىڭ ھورمىتى ۋە شېئىرنىڭ ئەۋزەللىكى توغرىسىدا

سەككاكى

شېئىرى سوز شېئىر ئەمەس سوزدىن كوپ ئۇستۇن ۋە ئەۋزەلدۇر، چۈنكى شېئىرى سوزلەر ۋەزنىگە كەلتۈرۈلۈپ، مىزانغا سېلىپ ئۆلچىنىپ ئېيتىلىدۇ. مىزانغا سېلىنغان سوزنىڭ مىزانغا سېلىنمىغان سوزنىڭ ئارىسىدىكى پەرقلەر ئاقىل كىشىلەرگە روشەن ۋە ئاشكارىدۇر.

ئايرىم كىشىلەر بەزى شائىرلارنى كۆپىرلار بىلەن نىسبەتلەشتۈرىدۇ، ئۇلار «قۇرئان» دىكى بىر ئايەتنىڭ پەقەت ئالدىنقى يېرىمىنىلا پاكىت كەلتۈرىدۇ، ئەمما كېيىنكى يېرىمىغا كوز يۇمىدۇ. بۇ ئايەتنىڭ پۈتۈن مەنىسى مۇنداقتۇر.

«ھەقىقەتەن يۈز ئورۇپ توغرا يولدىن ئازغانلار شائىرلارغا ئەگىشىدۇ، ئەگەر ئىشەنگۈچىلەر (خۇداغا)، توغرا يولدا ماڭغۇچى زاتلار ۋە ياخشى ئىش قىلغۇچى شائىرلارغا ئەگەشكۈچىلەر بولسا، توغرا يولدىن ئازغانلار جۈملىسىگە كىرمەيدۇ.»

ئەگەر ئاشۇ ئايرىم كىشىلەرنىڭ ئېيتقىنىدەك بولسا، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ۋە ئۇنىڭ ئەسھابىلىرى ۋە ئوتمۇشتىكى ئۇلۇغ زاتلار ۋە مىللىتىمىزنىڭ نامدار ئالىملىرى شائىرلارنى ئۇنداق بەك ھورمەتلىمىگەن، شېئىرنىڭ ئەۋزەللىكىگە ئۇنداق بەك ئىخلاس قىلمىغان بولاتتى. ھەم ئۆزلىرىمۇ شائىرلىق قىلمىغان بولاتتى.

ئۇلۇغ كىشىلەر شائىرلار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «شائىرلار راخمان (خۇدا) نىڭ شاگىرتلىرىدۇر، چۈنكى، ئۇنداق بولمىغاندا، شائىر ئىلھامنى قەيەردىن تاپىدۇ؟»...

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەتنىڭ زامانلىرىدا ھەسەن ئىبنى سابىت ئىسىملىك بىر شائىر ئۆتكەن ئىدى، مەككىدىكى دۈشمەنلەر بىلەن ئۇرۇش بولغاندا ھەسەن ئىبنى سابىت دۈشمەنلەرنى سوكۈپ شېئىر ئوقۇدى، دەل شۇچاغدا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت دۇئاغا قول كوتىرىپ: «ئي خۇدا، ھەسەنگە قۇۋۋەت بەرگىل؛ تىلىمنى گويا بۇلبۇلدەك روشەن ۋە ئوتكۈر قىلغىل؛ جىبرائىلنىڭ ھورمىتى، ئۇلى سوزدە ئاجىز قىلماي غەلىبىلىك قىلغىل...» دىدى.

يۇقۇرىدا ئېيتقانلىرى شېئىرنىڭ ئەۋزەللىكى ۋە شائىرلارنىڭ ھورمىتى توغرىسىدىكى ھوججەت ھەم كۈچلۈك پاكىتتۇر.

پەرىدىدىن ئەتتار ناملىق كىشىنىڭ يازغان شېئىرىدا مۇنداق بىر مەزمۇن بار؛

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



«شائىرلىق دېمەك-پەيغەمبەرلىكنىڭ بىر پارچىسى دېمەكتۇر، ھەقىقەتكە كوز يۇمغۇچى جاھىللار شائىرلارنى كۇپۇرلۇققا نىسبەت ئىتتىدۇ...»

كېرەكسىز ۋە بىھۇدە سوز قىلغۇچى، بىمەنا سايرىغۇچىلار ياخشى شائىرلار گۇرۇھى تەرىپىدىن مەردود ۋە قوغلانغۇچىدۇر. بىمەنا گەپ يورغىلاتقۇچىنىڭ لەسەبى ھەر قانچە ئالى بولسىمۇ، ياخشىلارنىڭ (خەلقنىڭ) خاتىرىسىگە مەقبۇل بولالمايدۇ.

.سوز دېگەن ئەڭ باھالىق گوھەرگە تەقلىت قىلىنسا، تىل-سوزنىڭ موھىم ئەسۋاپ (ماتېرىيال) لىرىدىن بىرىدۇر. تىلنى كېرەكسىز ئورۇنغا ئىشلەتمەش ئەسلا توغرا ئەمەستۇر. سوزلىگەنلىكى ئۇچۇن ئادەم ھايۋاندىن ئەلا ۋە ياخشىراقتۇر ۋە لېكىن توغرا سوز قىلمايدىغان ئىنساندىن ھايۋان ياخشىراقتۇر . شائىرلارغا يامان كوز بىلەن قاراپ،كۇ-فۇرلۇققا نىسبەتلەشتۇرگۇچى نادان، جاھىللاردىن ھايۋان ئەلۋەتتە ياخشىراق ۋە مەقبۇلدۇر.

(«مەتنىل ئۇلۇم» 13-باپ 2-پەسىل)

-پارىسچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى:

## داموللا ئابدۇۋەلى يۇسۇپ

(بېشى 86-بەتتە)

مۇشۇنداق كۇنلەرنى كوردۇق...

زوھرە ئۇزىنىڭ بېشىدىن ئوتكەن ھەممە كۇنلەرنى بىر-بىر بايان قىلدى ۋە:

-ئەي پەرى پەيكەر، ئېسىڭدىمۇ، بىز تويلىشىدىغان چاغدا ئىككى تۇرلۇك مۇشكۇلۇمنى ئېيتقان ئىدىم. مانا ئەمدى مۇرادىم ھاسىل بولدى، خالىساڭ ھەر ئىككىمىز ئۇنىڭ ئومۇرلۇك ھەمراسى بولايلى-دەپ پەرى پەيكەرنى بەھرامنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى.

پەرى پەيكەرنىڭ رازىلىقى بىلەن يېڭى توي باشلاندى، بەھرام زوھرە بىلەن پەرى پەيكەرنى بىر ۋاقىتتا ھەق نىكاھىغا ئالدى.

بەھرام پادىشالىق تەختىگە ئولتۇردى، زوھرە مۇرادىغا يەتتى.

كوپ ھادىسىلەر ئوتتى. بەھرام يۇرتنى ئادىل سوراپ، بىناۋالارنىڭ دادىھالىغا يېتىپ، يامانلارنىڭ ئەدىۋىنى بېرىپ، ياخشىلارنى تەربىيە-پەرۋىش قىلىپ ئۇزاق ئومۇر كوردى.

-ئەي شاھزادە مۇلكىزات، خوتۇن كىشىلەر ئىچىدىمۇ نۇرغۇن ۋاپادار ۋە ياخشىلىرى بار. سىز 6 خوتۇننىڭ ھىلىسى بىلەن، ھەممە ئايال جىنسلىقلارنى يامان، ئەسكى دېسىڭىز، بۇ توغرا ئەمەس-دەپ ھىكايىسىنى توختاتتى شاتۇتى.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇقادىر مەمەت

# خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

## يېرىل مېنىڭ تاشىم

(چۆچەك)

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەن، توق ئىكەن، قەدىمقى زاماندا تەكتى ماكانى نامەلۇم بىر يۇرت بولغان ئىكەن. ئۇ يۇرتنىڭ چېتىدە تال-باراڭلىق ھويلىدا مەشرەپ ئىسىملىك ئىشچان، مۆمىن بىر كىشى ياشىغان ئىكەن. ئۇنىڭ ئىككى قىزى بولۇپ، چوڭى بەش ياشقا، كىچىكى ئۈچ ياشقا تولغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، خوتۇنى ئۆلۈپ كېتىپتۇ. دادا قىزلىرىنىڭ يىغىسىغا چىدىماي بىر چوكانغا ئۆيلىنىپتۇ. چوكاننىڭ بۇرۇنقى كۈيەۋىدىن يەتتە ياشلىق بىر ئوغۇل بالىسى بار ئىكەن. بىللە ئېلىپ كەپتۇ.

كۈنلەردىن كۈنلەر، ئايلاردىن ئايلار ئۆتۈپتۇ. چوكان قىزلارنى يامان كۆرۈپ، ئۆگەي ئانىنىڭ كۆيۈكىنى، ئاشىنىڭ سۈيۈقىنى بېرىپ بېقىپتۇ؛ ئوغلىغا يېمەي يېدۈرۈپ، كەيمەي كەيدۈرۈپتۇ. شۇنداقتىمۇ قىزلار ئىشچان، زېرەك، پاكىز؛ ئوغۇل ھورۇن، لەقۋا، يۈزىنى ئايدا بىر يۇمايدىغان چوڭ بوپتۇ.

بالىلار بالاغەتكە يېتىپتۇ. قىزلارنىڭ لايىقلىرى ھەرقاچان تەييار ئىكەن. ئوغۇلغا بولسا، «ئانىسى مەككار، بالىسى ئېيىپكار» دېيىشىپ، ھېچكىم قىز بېرىشمەپتۇ. چوكاننىڭ بېشى قېتىپتۇ. ئۇيان ئويلىنىپ، بۇيان ئويلىنىپ ھېلىقى ئۆگەي قىزلىرىنى ئېسىگە ئاپتۇ.

—ھوي ماڭا قاراڭلار،—دەپتۇ چوكان مەشرەپنىڭ پېشىنى تارتىپ،—كېلىن ئىزلەپ يۈرگىچە چوڭ قىزىمىزنى ئوغلىمىزغا نىكاھ قىلدۇرۇپ قويمايلىمۇ؟

—كەلمەيدۇ راۋا، قىلمىغىن دەۋا،—دەپتۇ مەشرەپ خاپا بولۇپ.

چوكان چالۋاقاپ:

—شۇنداقمىدى، ئۇنداق بولسا، مەندىن رەنجىمە!—دەپلا قىڭراقنى قولىغا ئاپتۇ. مەشرەپ نائىلاج خوتۇنىنىڭ شەرتىگە كۆنۈپتۇ. چوكان توي تەييارلىقىغا تۇتۇش قىپتۇ.

ئۆيدە بولىۋاتقان سوقا-سوھبەت، جەڭگە-جېدەللەرنى مەشرەپنىڭ كىچىك قىزى بۈمەرەم ئاڭلاپ قالغان ئىكەن، ئاچىسىغا خەۋەر يەتكۈزۈپتۇ، ئاچا يىغلاپ-قاقشاپتۇ. «نى ئات، نى نومۇس! ماڭا ئاكامنى تاڭغان ئانام دېگەن بى نومۇس» دەپ زارلىنىپتۇ. قېچىپ كېتىش نىيىتىگە كېلىپ پۇرسەت كۈتۈپتۇ. ئانا كۆز-قۇلاق بولىۋالغانلىقتىن، ئۆيدىن چىقالماپتۇ. ئاخىرى، «سۇ ئەكىرەي» دەپ پۇچۇق قاپاقنى يۈدۈپ ئىشىكتىن چىقىۋاپتۇ. چىقىپتۇ-دە، بېشى قايغان، پۇتى تايغان ياقلارغا مېڭىپتۇ. مېڭىپتۇ-مېڭىپتۇ، چۆل-جەزىرىلەردىن ئۆتۈپ، بىر تاققا بېرىپ قاپتۇ. ئەيتىشلارغا قارىغاندا بۇ تاغ ئاسمانغا شوتا، زېمىنگە يوتا بولغىدەك ھەيۋەت ئىكەن. قىزنىڭ تاغدىن ھالقىپ ئۆتۈشكە كۆزى يەتمەپتۇ. ئاخىرى گۈمبەزدەك قورام تاشنىڭ قېشىغا بېرىپ، مۇنۇ شېئىرنى ئوقۇپ كۆز يېشىنى تۆكۈپتۇ:

يېرىل مېنىڭ تاشىم- يېرىل مېنىڭ تاشىم،
مەن ئىچىڭگە كىرىۋالاي.
يوقتۇر ماڭا بۇ ئالەمدە،
سەندىن ئۆزگە پاناجاي.
بېشىمغا چۈشكەن ئول دەرتتىن،

پانا يەڭدا خالى بولاي.

تاشنىڭ رەھمى كېلىپ «ۋاك» قىلىپ يېرىلىپتۇ. قىز تاشنىڭ ئىچىگە كىرىۋاپتۇ. تاش قىزنى باغرىغا ئالغاندىن كېيىن جىپىلىشىپتۇ.

ئەمدى گەپنى قىزنىڭ ئۆيىدىكىلەردىن ئاڭلايمىز. چوكان توي تەييارلىقىنى پۈتتۈرۈپ، يۇرت، ئەل- مەھەللە، ئىمام- مەزىنلارنى تويغا تەكلىپ قىپتۇ. جاماەت يىغىلىپتۇ. ئەمما قىز شۇچاغقىچە «كول» بويىدىن قايتىپ كەلمەپتۇ. چوكان مەشرەپنى ئۆيىدىن قوغلاپ:

—قىزىڭنى تېپىپ كەل!...— دەپتۇ.

—ماقۇل، خوتۇن، دەپتۇ مەشرەپ ۋە خوتۇنىغا بىلدۈرمەي ئاز-پاز يېمەكلىك ئېلىپ يولغا چىقىپتۇ. كول بويىغا بېرىپتۇ، تاپالماپتۇ، دەريا بويىغا بېرىپتۇ، تاپالماپتۇ. ئارقىسىغا يېنىپ، ئىز قوغلاپ مېڭىپتۇ. ماڭا-ماڭا قورام تاش تۈۋىدە توختاپتۇ. تاش يېرىلىپ جىپىلىشكەندە قىزنىڭ بىر ئۆرۈم چېچىنىڭ ئۇچى سىرتتا قالغان ئىكەن. مەشرەپ ئىشنىڭ تېگىگە يېتىپ، تاشقا قاراپ مۇراجەت قىپتۇ:

يېرىلمىڭ تاشىم- يېرىلمىڭ تاشىم،
مەن قىزىمنى كورۈۋالاي،
يۈرەك- باغرىمغا تېڭىۋالاي.
بىر قولۇمدا چاي ئەكەلدىم،
بىر قولۇمدا بىر دەستىخان،
دەرقەم تۇرۇپ بېرىۋالاي.

قىز دادىسىنىڭ نالىسىنى ئاڭلاپ ئىچ ئاغرىتىپتۇ، يىغلاپ كوز يېشىنى توكۇپتۇ. ئەمما توي ئېسىگە چۈشۈپ، تاشقا دەپتۇ:

يېرىلماڭ تاشىم- يېرىلماڭ تاشىم،
بىر ئوبدان ساقايدى باشىم.
مەن دادامنى كورمەيمەن،
يۈرەك- باغرىمغا تاڭمايمەن،
بۇرۇن ئىدى ئۆز دادام،
ئەمدى بولغۇسى قەيناتام.

تاش يېرىلماپتۇ. دادا ئاھ ئۇرۇپ تاش تۈۋىدە بىر پەس تۇرۇپ قايتىپتۇ. مېھمانلار ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ، كېتىشىپتۇ. چوكان ئاچچىقلاپ، پەش ئۇرۇپ، تاققا قاراپ يولساپتۇ.

يېرىلمىڭ تاشىم- يېرىلمىڭ تاشىم،
مەن قىزىمنى كورۈۋالاي.
مەن قىزىمنى كورگىنىمدە،
يۈرەك- باغرىمغا تېڭىۋالاي.
ئېلىپ بېرىپ ئوغلۇمغا ئۇنى،
خىزمىتىمگە سېلىۋالاي، — دەپ مۇڭلۇنۇپتۇ چوكان. قىز ئۆگەي ئانىسىنىڭ دىگەنلىرىنى ئاڭلاپ، غەزەپتىن مۇنداق دەپتۇ:

يېرىلماڭ تاشىم- يېرىلماڭ تاشىم،
تېز يېتىۋالاي بىرزامان.
بوقتۇرماڭا ھېچ بىر خوۋلۇق،
ئۈنىڭ ئالدىدا ھەرزامان.
بۇرۇن ئىدى ئۆگەي ئانام،
ئەمدى بولغۇسى قەينىئانام.

تاش يېرىلماپتۇ، چوكان قىزنى تىللاپ، تاشنى قاغاپ كېتىپتۇ. ئوغۇل كەپتۇ ۋە تاشقا قاراپ دەپتۇ:

يېرىلمىڭ تاشىم- يېرىلمىڭ تاشىم،
مەن سىڭلىمنى كورۈۋالاي.
مەن سىڭلىمنى كورگىنىمدە،
يۈرەك- باغرىمغا تېڭىۋالاي.
ئېلىپ كېتىپ ئۆينى ئۆيگە،
نىكايىمغا ئېلىۋالاي.

قىز ئاكىسىنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلىپ، تاشقا يالۋۇرۇپتۇ:

يېرىلماڭ تاشىم- يېرىلماڭ تاشىم،
سەندىن ئۆزگە يوق ياشىم.
مەن ئاكامنى كورمەيمەن،
يۈرەك- باغرىمغا تاڭمايمەن.
بۇرۇن ئىدى جان-جىگىرىم،
ئەمدى بولماقچى كۈيەرىم.

تاش يېرىلماپتۇ، ئاكا تاشقا تەلمۈرۈپ، قىز چېچىنى تارتىپ يالۋۇرۇپ، بىر پەس يىغلا-يىغلا كېتىپ قاپتۇ.

بۇمەريەم ئاچىسىغا چىدىمايدىكەن،
بۇخېلىچەم سىڭلىسىنىڭ غېمىدە ئىكەن. شۇن-
داق تۇرغاندا، بۇمەريەم ئەھۋالنى ئۇقۇپ،
تاغنى ئىزلەپ تېپىپتۇ. تاشقا يۈزىنى سۈر-
كەپ، مۇنۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

يېرىلمىڭ تاشىم-يېرىلمىڭ تاشىم،
مەن ئاچامنى كۆرۈۋالاي.
يېتىم بىچارە ئاچامنى،
يۈرەك-باغرىمغا تېڭىۋالاي.
ھەمرا بولۇپ جان ئاچامغا،
يىراقلارغا كېتىۋالاي.

سىڭلىسىنىڭ مۇڭلىرى ئاچىسىنىڭ يۈرى-
كىگە يېتىپتۇ. ئاچا خوش بولۇپ:

يېرىلمىڭ تاشىم-يېرىلىڭ تاشىم،
مەن سىڭلىمنى كۆرۈۋالاي.
قالغان ئۆمرى بىرلا ئۆزى،
يۈرەك-باغرىمغا تېڭىۋالاي.
ئېلىپ قۇچىقىمغا ئۇنى،
دىدارىغا قېنىۋالاي،—دەپتۇ.

تاش «ۋاك»كىدە يېرىلىپتۇ. بۇخېلىچە
چىقىپ سىڭلىسى بۇمەريەم بىلەن كۆرۈشۈپتۇ،
قۇچاقلىشىپ يىغلىشىپتۇ. تاشقا رەھمەت ئېيت-
ىپ خوشلىشىپتۇ، يۇرتنى تاشلاپ، تاغ بويلاپ
كېتىشىپتۇ. كېتىۋېتىپ، بىر دەرەخزارلىققا بېرىپ
قاپتۇ. دەرەخلىكتە بىر كۆلچەك بار ئىكەن. ئۇس-
ساپ چاڭقىغان بۇمەريەم سۇ ئىچمەك بوپتۇ.
سۇدىن بورىنىڭ ھىدى چىقىپ تۇرىدىكەن.
ئاچىسى توسۇپ:

—ئىچمە سىڭلىم بۇ سۇنى،
كىرگىن مېنىڭ كەينىمگە.
ئوتسە گېلىڭدىن بىر يۇتۇم،
ئايلىنىسەن بورىگە،—دەپتۇ. بۇمەريەم

«ماقۇل» دەپ يولغا راۋان بوپتۇ.

ئاچا-سىڭىل نەگە بېرىپ، نەدە تۇرۇشىنى
بىلمەيدىكەن. ئىش قىلىپ كۈن چىقىشقا قاراپ
يەتتە كېچە-كۈندۈز مېڭىپ، يەنە بىر كۆلچەك بويىغا
يېتىپتۇ. بۇمەريەم خوش بولۇپ، ئاچى-
سىدىن سوراپتۇ:

—بۇ سۇنى ئىچسەم بولامدۇ ئاچا؟

ئىچمە سىڭلىم بۇ سۇنى، كىر ئاچاڭنىڭ كەي-
نىگە، ئىچسەڭ ئۇنى ناۋادا، ئايلىنىسەن تۈل-
كىگە،— دەپتۇ بۇخېلىچە.

سىڭىل سۇغا قاراپتۇ، تۈلكە كۆرۈنمەپتۇ.
ئىچىدە «ئاچام ئىچى تارلىق قىلىۋاتامدۇ؟-نېمە»
دەپ ئويلاپتۇ، شۇنداقتىمۇ لىۋىنى شوراپ مې-
ڭىۋېرىپتۇ. ماڭا-ماڭا يەنە بىر بۇلاق بويىغا
بېرىپ قاپتۇ. بۇلاق سۈيىنى ئىچكەن ئادەم كې-
يىككە ئايلىنىپ قالىدىكەن. ئاچا ئەھۋالنى
ئېيتىپ توسۇپتۇ، بۇمەريەم «ماقۇل ئاچا، ئىچ-
مەيمەن» دەپ قويۇپ، ئاچىسىنىڭ كەينىدىن
يۈرۈپتۇ، ئۇ، ئەسلىدە ئاچىسىغا ئۇقتۇرماي
بىر پاي كەشىنى بۇلاق بويىدا قالدۇرۇپ كەت-
كەن ئىكەن. بىر ھازا ماڭغاندىن كېيىن، «ۋاي
كەشىم يولدا چۈشۈپ قاپتۇ...» دەپ ئارقىسىغا
يېنىپتۇ-دە، بۇلاق بويىغا كېلىپ، قانغىچە
سۇ ئىچىپتۇ. ئىچىپتۇ-يۇ، كېيىك بولۇپ قاپ-
تۇ. يىغلاپتۇ، نالە قىپتۇ، ئورنىغا كەلمەپ-
تۇ. ئاخىرى، بۇلاق بېشىدىن ئايرىلىپتۇ. بۇخې-
لىچە خېلى بىر يەرگە بېرىپ، ئارقىسىغا قارى-
سا، بىر سۈركېيىك ئەگىشىپ كېلىۋاتقىدەك،
ئۇنىڭ ئاغزىدا بىر پاي كەش ساڭگىلاپ تۇرغى-
دەك. ئاچا ئەھۋالنى چۈشىنىپ كۆز يېشى قىپ-
تۇ، كېيىك بۇخېلىچىنىڭ ئاياغلىرىغا ئۆزى-
نى سۈركەپ يېلىنىپتۇ. ئاچا-سىڭىل شۇ تەرىق-
دە ئاھ ئۇرار-ئاھ ئۇرار يولنى داۋاملاشتۇ-
رۇپتۇ. پاكىز سۇدىن تېپىپ ئالدىرماي ئى-
چىپتۇ. پۇچۇق قاپاقنى سۇغا تولدۇرۇپتۇ.

ئورمانلىق تۈگەپتۇ. دەشت-بىياۋان باشلى-
نىپتۇ. بۇخېلىچە كېيىك سىڭلىسىنى يېتىلەپ،
بويىنىنى قىسىپ، قاپاقنى دولىسىغا ئېسىپ كې-
تىۋاتقان ئىكەن، ئالدىدىن ئوۋچىلار چىقىپ
كەپتۇ. بۇلار پادىشاھ ئۇنىڭ خىزمەتكارلىرى
ئىكەن. پادىشا قىزنىڭ ئالدىدا توختاپ:

—ئەي ساھىپجامال قىز، بەش كۈن ئۇۋدا

يۇرۇپ ھېچنىمە ئۇچرىتالمىغان ئىدىم، سىنى خۇدا يەتكۈزدى. كىيىمىڭنى ماڭا بەر، قۇرۇق قول قايتالمايمەن شەھەرگە، تىگمىشىمۇ مەيلى بىپاھا كوھەرگە — دەپتۇ.

بۇخېلىمچە بۇگەپنى ئاڭلاپ يىغلاپتۇ. كىيىمىنىڭ بېشىنى سىلاپ، تىزلىنىپ يالۋۇرۇپتۇ:

— ئەي ھەزرىتى پادىشاھى ئالەم، سۇلتانى كىرىم، بىلسەڭ بۇمېنىڭ سىڭلىم بولىدۇ، رېھىم قىل! ساڭا باردۇر ھەر ئامال، كەچ تەلۋىڭدىن، بىزنى قىلماي مالال!

پادىشا ھەيران بولۇپ سوراپتۇ:

— بۇنىمە دېگىنىڭ ؟

بۇخېلىمچە :

ئەي پادىشا، سەن سورىساڭ، مەن ئېيتمەسام بولاتتى، خەير، بوپتۇ، — دەپ بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى بىر-بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ.

پادىشانىڭ دىلى ئېرىپ تەلۋىدىن كېچىپتۇ. قىز سالام بېرىپ ئىگىشكەندە، دۇمبىسىدىكى قاپاقتىن سۇتوكۈلگەن ئىكەن، پادىشا خوش بولۇپ مۇراجىئەت قىپتۇ:

— ئەي يېتىم قىز، ئۈچكۈندىن بېرى ئۇسسۇز ئىدىم. سۈيىڭدىن بەرسەڭ بىر قوشۇق، تەلۋىم يوق بۇنىڭدىن ئوشۇق.

— سۇلتانى كىرىم، لەۋزىڭ قالمىسۇن يېرىم، ئىچمامنا قانغىچە، — دەپ بىر ئاياق سۇتەڭلەپتۇ قىز. پادىشا ئىشتىھا بىلەن سۈمۈرگىلى تۇرغاندا، — ئەي پادىشاھى ئالەم، توختاڭ، كېلىڭىزغا ئىلان كىرىپ كېتىپ بارىدۇ، — دەپتۇ.

پادىشا قارىسا سۇدا ھېچنىمە كۆرۈنمەپتۇ. ھەيران بولۇپ:

— قېنى ئىلان؟ — دەپ سوراپتۇ. قىز كۈلۈپ كېتىپ:

— ماڭا شۇنداق كۆرۈنگەن، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ، — ئەمدى ئىچسىڭىز بولىدۇ.

پادىشا ئاياقنى كۆتىرىپ، غۇرت-غۇرت ئۈچ يۇتۇم سۇئىچكەن ئىكەن، قىز توسۇپ دەپتۇ:

— توختاڭ پادىشا، كېلىڭىزغا قۇرۇت كىرىپ كېتىپ بارىدۇ.

پادىشا توختاپتۇ. سۇدا بىرەر نەرسە كۆرۈنمىگەندىن كېيىن، كايىپ كېتىپتۇ:

— سۇنى ئۈزكۈدەك بىلەن بېرىپ، بىر دەم ئۇنداق، بىر دەم بۇنداق دەيسەن. سۇغا قارىسام سەن دېگەن نىمىلەر يوق، مېنى نىمانچە مەسخىرە قىلىسەن؟!

قىز كۈلۈپتۇ، كۈلۈپ تۇرۇپ سوراپتۇ:

— بابا سۇئىچمىگىلى ئۈچكۈن بولدى، دېدىڭىز، شۇگېپىڭىز راستمۇ ؟

— ئەزبىرايى خۇدا راست، — دەپتۇ پادىشا ئانت ئىچىپ.

— ئۇنداق بولسا ئاڭلاڭ، — دەپتۇ قىز، — ئۈچكۈن ئۇسسۇز قالغان ئادەمنىڭ ئۆپكىسى قۇرۇپ، يۈرىكى قورۇلۇپ كېتىدۇ. بۇنداق چاغدا سۇدىن بېشىنى كوتەرمەي بىراقلا جىق ئىچىۋالسا، ئۆپكىگە سۇچۇشىدۇ، يۈرەك يېرىلىپ ئادەم ئۆلىدۇ؛ سۇنى تىتىپ-تىنىپ، ئالدىرىماي ئىچكەندە ئۆپكە-يۈرەك بىر باشتىن ياشىرىپ بارىدۇ — دە، ھايات ساقلىنىپ قالىدۇ. بىلسەڭ ئەي پادىشاھى ئالەم، مەن سېنىڭ ياش جېنىڭنى دەپ شۇنداق دېگەن ئىدىم، ئەمدى قالغىنىنى ئىچىۋەت!

پادىشا قىزنىڭ چېچەن-زېرەكلىكىگە قايىل بولۇپ، رەخمەت ئېيتىپتۇ. سۇنىڭ قالدىسىنى ئىچىۋېتىپ، ئۆزچېدىر-بارگاھىغا قايتىپ كېتىپتۇ. ۋەزىرلەر بولغان ۋەقەنى ئاڭلاپ، پادىشاغا مۇنداق مەسلىھەت بېرىپتۇ:

— پادىشاھى ئالەم، توتخوتۇنلىرىدىن بىرەر پەرزەنت كۆرمىدىلە، بۇنداق ئوتۇپ كېتىشكە بولماس، بۇدۇنيادىن تىم-تاس. بىز ئەشۇ قىزنى ئۆزلىرىگە لايىق تاپتۇق، ئەمىرلىرىگە ئالسىلا، تۇغۇپ بەرسە ئەجەپ ئەمەس.

ئەسلىدە پادىشا بۇخېلىمچىنىڭ ھۆسنى-جامالىنى كۆرۈپ ئاشىق بىقارار بولغان

ئىكەن، ئەقلىگە سىيغۇنگىدەكەن. ۋەزىرلەرنىڭ مەسلىھەتى ئۆنىڭ كۆتكەن يېرىدىن چىقمىپتۇ. پادىشا ئۇلارغا سىيغۇنچە بېرىپ، قىزنى ئېلىپ كېلىشكە ئادەم بۇيرۇپتۇ. قىز كەلتۈرۈلۈپتۇ. پادىشا مەقسىدىنى ئېيتىپتۇ، بۆخېلىچە قوشۇلغاندىن كېيىن، ئوردىغا قايتىپ قىرىق كېچە-كۈندۈز توي-تاماشا ئۆتكۈزۈپ ئەمرىگە ئاپتۇ.

كۈنلەردىن بىركۈنى قىز قوساق كۆتىرىپتۇ. پادىشانىڭ ئەۋەلقى خوتۇنلىرى قورقىنى قويالماي قاپتۇ. «تۇغۇپ بەرسە بۆچاپاق، بىزنىڭ ئىشىمىز چاتاق» دېيىشىپتۇ. قىزنىڭ ئاي-كۈنى يېقىنلاشقاندا، «باشلىرىنى تاراپ قۇيىلى خېنىم» دەپ كول بويىغا ئېلىپ چىقىپ، كولگە ئىتتىرىۋېتىپتۇ.

شۇكۈنلەردە پادىشا شىكاردا ئىكەن. قايتىپ كېلىپ ئۆدۆل كىچىك خوتۇنى بۆخېلىچە تۇرۇشلۇق قەسرىگە كىرسە، كېنىزەكلەر يىغلىشىپ ئولتۇرغىدەك. پادىشا نىمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي سوراپتۇ:

—ھەي خىزمەتچىلىرىم، نىمىگە يىغلايسىلەر؟

—ئېيتىشتىن قورقىمىز، بىرقۇشۇق قېنىمىزدىن كەچسىلە ئىكەن،— دەپتۇ كېنىزەكلەر يەرنى سۆيۈپ.

—كەچتىم،— دەپتۇ پادىشا.

—مۇندىن ئۈچكۈن بۇرۇن،— دېيىشىپتۇ كېنىزەكلەر،— چوڭ خېنىم «پادىشانىڭ كېلەرۋاقتى بولدى، ئوردىنى ياساپ-جابدۇپ، يولغا پايانداز سېلىپ قويۇڭلار» دېدى. ئىشنى تۈگىتىپ قايتىپ كىرسەك، كىچىك خېنىم يوق. ئاڭلىساق چارى باققا سەيلىگە چىقىپ كول بويىدا تاماشا قىلغان ئىكەن، لايغا تېيىلىپ كولگە چۈشۈپ كېتىپ چوكۇپ كېتىپتۇ...

پادىشا خەۋەرنى ئاڭلاپ ھوشىنى يوقىتىپتۇ. كېنىزەكلەر چىكىسىنى ئۇۋلاپ، دېمىدە ئىچۈرۈشىپتۇ. پادىشا بىرھازادىن كېيىن كۆزىنى ئېچىپ كول بويىغا بارسا، كىيىك كوللۈدە سۇغا قاراپ يىغلاپ ئولتۇرغان ئىكەن.

پادىشانى كورۇپ ئاياقلىرىغا ئۆزىنى سۈركەپتۇ، بىرئوردىغا، بىركولگە قاراپ كوزيېشىنى توكۇپتۇ. شۇندىن كېيىن، پادىشا ھەركۈنى كول بويىغا كېلىپ تۇرىدىكەن، كىيىكمۇ پادىشا قېشىدا پەيدا بولىدىكەن. بۇنىڭدىن پادىشانىڭ چوڭ خوتۇنلىرى خۇدۇكسىنىپ، ۋەھىمىگە چۈشۈپتۇ-دە، بىركۈنى ئېغىزنى قولاققا يېقىپ، كۆسۈلدىشىۋالغاندىن كېيىن، بىرسى ئاغرىپ قالغان بولۇپ تېكىرتۈپ يېتىۋاپتۇ. بۇ، تۆت خوتۇنى ئىچىدە پادىشا ياخشى كورىدىغىنى ئىكەن. شەھەردىكى نامدار تىۋىپ، يېتىشكەن ئۆلۈمالارنى ئوردىغا يىغىپ تومۇرنى تۇتتۇرۇپتۇ، دورا ياسىتىپ، ئايەتى شىپا ئوقۇتۇپتۇ. «جىننىڭ قەستى شاپتۇلدا» بولغاچقا، خوتۇن مىدىرلىماي يېتىۋېرىپتۇ. پادىشا قايغۇرۇپ، ئۆزى كېلىپ سوراپتۇ:

—ئاكا نىمە پايدا قىلغىدەك جېنىم خوتۇن؟ كوڭلۈڭ خالىغاننى ئېيتقىن، ئەرشىدە بولسا ئەچۈشەي، قەتى ئەسرادا بولسا ئەپ چىقاي.

—ئاھ شاھىم، ماڭا باغدىكى كىيىكنىڭ يۈرىگى كېرەك. شۇنى يېسەم ھازىرلا ساقىيىپ كېتىمەن، چۈشۈمگە ئايان بولغىنى ئەنە شۇ،— دەپتۇ خوتۇن.

—ۋاي تايىنلىق شۇمىدى،— دەپتۇ پادىشا،— ئۇنداق بولسا تۇرۇپتۇر...

قايسا پقا كىيىكنى ئولتۇرۇشكە بۇيرۇپتۇ. قاساپ كىيىكنى باغدا ئوتلاۋاتقان يېرىدىن تۇتۇپ كېلىپ پۇت-قولىنى چۈشەپتۇ. پادىشا «كىيىكنىڭ يۈرىگىنى باشقا بىرسى ئېلىۋالمىسۇن» دەپ گوداڭ بېشىغا ئۆزى كەلگەن ئىكەن. كىيىك پادىشانى كورۇپ تىپىچەكلەپتۇ ۋە بىردىنلا زۇۋانغا كېلىپ:

—ئەي ئۇلۇغ پادىشاھىم، بىرئارزۇيىم بار، ئېيتىۋالغاندىن كېيىن ئولتۇرسىڭىز،— دەپتىكەن، پادىشا:

—قېنى ئېيت! ئەۋۋەل ئاڭلاپ باقاي، نىمە دېمەكچىسەن؟—دەپ سوراپتۇ.

— بىچارە ئاچام بىلەن خەيرلىشىۋالسام، ئىجازەت بەرسىڭىز.

— ئۆلۈك بىلەن قانداق كۆرۈشەلەيسەن؟

— ياق، ئۇ ھايات!

— نەدە؟

— كۆلنىڭ ئاستىدا.

— بوپتۇ، بارساڭ بارغىن. تېز بول!

قاساپ كىيىكنىڭ پۇت-قوللىنى بوشىتىپتۇ. كىيىك ئويىناقلاپ كۆل بويىغا يۈگرەپتۇ.

ئەسلىدە بوخېلىچە قەست بىلەن كۆلگە ئىتتىرىۋېتىلگەندىن كېيىن، بىر بوۋاي ئۇنى سۇ ئاستىدىكى ھوجرىغا ئېلىپ كىرىپ ياتقۇزۇپ قويغان ئىكەن، بوخېلىچە ھوشىغا كېلىشكە تولغاق تۇتۇپ، قوشكېزەك ئوغۇل تۇغۇپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى ھېلىقى بوۋاي پەيدا بولۇپ، بىرسىنىڭ ئىسمىنى ھەسەن، بىرسىنىڭ ئىسمىنى ھۈسەن قويۇپتۇ. بوۋايغا ئەگىشىپ كىرگەن ئالتۇن باش موماي بىزۋاقلارنى ئىككى بۆشۈككە بۆلەپتۇ. ئاندىن بوۋاي بىلەن موماي «بالام ھەركىم قىلسا ئۆزىگە قىلىدۇ، ساڭىمۇ خۇدايىم بار، بالاڭغا ئوبدانراق قارىغىن» دەپلا غايىپ بوپتۇ. بۇ ئىشلارنى كىيىككە ئايلانغان بومەريەم بىلىپ تۇرغان ئىكەن، ھەركۈنى كۆل بويىغا بارغىنىدا، ئاچىسىنىڭ شولىسىنى كۆرۈپ تۇرىدىكەن.

كىيىك يۈگۈرگىنىچە كۆل بويىغا بېرىپ تىزلىنىپتۇ. سۇغا قاراپ يىغلاپ مۇنۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

يېمەكچۈن جەللاد قېرى،
ئىشلەتتى شاھقا ھىيلە.
پۇت-قوللىرىم چۈشەلدى،
بىلدىڭمۇ سەن جان ئاچا.
قىڭراق پىچاق بىلەندى،
ئەجەل ماڭا يۈزلەندى،
چىقمامسەنا جان ئاچا!

بوخېلىچە سىڭلىسىنىڭ مۇڭلىرىنى ئاڭلاپ، ئىچ ئاغرىتىپ يىغلاپتۇ. يىغلاپ تۇرۇپ مۇنداق جاۋاپ قايتۇرۇپتۇ:

ئاھ ئۇكام، ئاپپاق ئۇكام،
ئاڭلا مېنىڭ سوزۇمنى:
ئوڭ يېنىمدا ئالتۇن بۆشۈك،
سول يېنىمدا كۈمۈش بۆشۈك.
ئوخشاپ دەرۇ ئوزۇمنى،
چىقالماسمەن جان ئۇكام.

پادىشا نېمە ئىشلارنىڭ بولىدىغانلىقىنى بىلمەك بولۇپ، كېيىك ئارقىسىدا كۆل بويىغا كەلگەن ئىكەن. ئاچا-سىڭىلنىڭ نەزمىلىرىنى ئاڭلاپ، يۈرەك باغرى پارە-پارە بوپتۇدە، يىقىلىپتۇ. خىزمەتكارلار دەرھال يۈگۈرۈپ ھوشىغا كەلتۈرۈپتۇ. پادىشا ۋەزىرلىرىگە «كۆلنىڭ سۈيىنى چىقىرىڭلار»،-دەپ ئەمر قىپتۇ.

ۋەزىرلەر جاكارچىلارنى ئەۋەتىپ پۇخرالارنى يىغدۇرۇپ كەپتۇ. پۇخرالار كۆلنىڭ سۈيىنى چېپىپ باققا چىقىرىپ، كۆل يۈزىنى ئېچىپتۇ. شۇئاندا، بوخېلىچە ئىككى بۆشۈكنى قولتۇقىغا قىسىپ كۆل يۈزىدە پەيدا بوپتۇۋە سىڭلىسى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ. بومەريەم ئاچىسىنىڭ قۇچىقىدىن ئاجراپ ئادەمگە ئۆزگىرىپ، ئاۋالقى ھالىتىگە كەپتۇ. پادىشامۇ خوتۇنى ۋە قوشما قىزلىرىنى باغرىغا ئېلىپ كۆز يېشى قىپتۇ. ئاندىن:

— بۇ نېمە ئىش، ئېيتىڭلارچۇ؟-دەپ سوراپتۇ.

ئاچا-سىڭىل بولغان ۋەقەنى باشتىن-ئاياق سۆزلەپ بېرىپتۇ. توت خوتۇننىڭ قىلمىشلىرى دوڭگە چىقىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان خالايىق «توۋا!» دېيىشىپ ياقىلىرىنى تۇتۇپتۇ. پادىشا دەرغەزەپكە كېلىپ:

— جاللات! دەپ ۋاقىراپتىكەن، ئىككى چاپارمەن:

— خوپ، تەقسىر! نېمە ئەمرلىرى باركى؟-دەپ تىك تۇرۇپتۇ.

— توت خوتۇننىڭ كاللىسىنى ئال، تېنىنى گۇداڭغا تاشلاپ، بېشىنى قەپەزگە سال! دەرۋازا ئۈستىگە ئاسىمەن،-دەپتۇ پادىشا.

جاللاتلار قېلىچلىرىنى پاقىرىتىپ ئوردىغا

(ئاخىرى 96-بەتتە)

# يىللار سوغىسى

ياسىن ئىمىن

قولۇمدا بىرساقال قىرغۇچ، دىلىمدا مۇڭ بىلەن ھەسرەت.
يۈرەكنى ئۆرتىمەكتە، بىلمىدىم، قانداقتۇ بىر پۈرقەت،
يېزىپتۇ ئالىمدەك مەڭزىمگە يىللار سوغىسىدىن خەت،
غۇبارسىز ماڭلىيىمغا ھەم سىزىپتۇركى سىزىق رەت-رەت،
دىمەيمەنكى، ئۇنى دوستۇم ئانار مەڭزىمگە گۈل-زىننەت.

قويۇپ قىرغۇچنى ئاھ بىرلەن بىخۇت كۆڭلۈمنى ئويغاتتىم.
تەسەۋۋۇر كۆزلىرىمدە كەڭ ھايات دۇنياسىغا باقتىم.
ئۆمۈرنىڭ قىممىتىنى پاھ، ئىجات بوستانىدىن تاپتىم.
ئۇنىڭ تەسۋىرىگە بۇياش قەلەمنى قۇردا ئويناتتىم.
دەردىخا، ئۇ گۆھەر ۋاقتىمنى زەپ بىلمەپتىمەن قىممەت.

ھايات، ئۇ بىتىمىنىم دەريا، ئاقاركەن ئارقىغا باقماي.
نە چارە ھەركىشىگە شۇ ئەزىم دەريادا بىر ئاقماي.
ئۆرۈپ دەريا سۈيى ئاخىر ئالۇر ئۆرنىنى شورتاڭ ساي.
ھاياتنىڭ بۇ كەبى پاجىئەسىگە ئاھ، نىمە دەپ يىغلاي.
ھايات ھەققىدە ئويلانسام بۇدەم ئىلكىمدە يوق تاقەت.

ئىسىمدە، شۇ بوۋاق ۋاقتىم، ئانامنىڭ ئەتكىنى ئەللەي،
ئۇچاغ كۆڭلۈمدە دۇنيا قايغۇسى يوق، نە دىدۇ غەم يەي.
ھاياتنىڭ كەلگۈلۈك كەچمىشلىرىنى نە دىلىم بىلگەي،
يىگىتلىك ۋايىغا يەتكەندە بىلدىم، ئىلگىرى بىلمەي،
قېنى، ئۇغەم بىلەن ھېچ بىر ئىشىم يوق بەختىيار سائەت؟

ئوتۇپ ئوق سۈرئىتى يىللار، ساقال يارئەتتى مەڭزىمنى،
تەبىئەت شۇنچە پىخسىقلىق بىلەن غەش قىلدى قەلبىمنى،
قايىقتىن ئاختۇرۇپ ئىزلەي بوۋاقلىق-ئەركە پەسلىمنى،
ئىجاتتىن ئىزگىسى بەرمەس ئىكەن ئۆمرۈمدە بەختىمنى،
ئىكەن نۇسرەت مۇيەسسەر قىلغۇچى ئىنسانغا تەر-مېھنەت.

نە ھاجەت، ياش توكۈپ مۇنچە خەيركوكسۇمنى نەمقىلماي،
جاھاننىڭ قايغۇسىنى بۇسەبى كۆڭلۈمگە جەم قىلماي،
جىمى ئىنسان كېلىپ بىر رەت كېتىپتۇ، مەيلى غەم قىلماي،
ياشاي ئۆمرۈمدە مەنالىق، كېتەرمەن دەپ ئەلەم قىلماي،
قالۇر نامىم كۆزۈم يۇمسامۇ قىلسام ئەل ئۈچۈن خىزمەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# ئىككى غەزەل

مەتتوختى ئەخمەت

1

گۈلچۈشەر مەستانە بۇلبۇل ئۇيقۇدا بولسا مەگەر،
گۈل ئېتىمنى زىكرىلار چولپان بىلەن تەڭ تاڭ سەھەر.
سۈبھىدىن تا شام غۇنچە گۈل ئىشقىدا ئەيلەپ ناۋا،
ئۇ سۈيۈپ ئۆتكەي چىمەننى، جان بېرىپ-ئۆلگەن قەدەر.
نە ئىمىشكە ئۇۋلىيالماس كۆڭلىنى غەيرى چىمەن؟
ئۆزگە گۈلشەن بىر بۆلۈتكى، ئۆز گۈلى ئۇلچۈن قەمەر.
بىلكى، بۇلبۇل ئۆز دىيارى گۈلشىنىدە ئەتمۇا،
ئۆز دىياردا كۆڭلى توق، ئۇ ئۆزگە-دىن قىلغاي ھەزەر.
ئەخمىدى، بۇلبۇلچە خىسلەت بولسا گەر، ئالقىش ساڭا،
ئۆز ئېلىڭچۈن كۆي، تەشەككۇر ئەيلىسۇن ئەجدات، پەدەر.

2

بىر كۈنى خالىس دىلىم: —ئامەت ساڭا بەك كوپ،-دېدى.
ئامىتىڭ ھەردەم سەۋەپ-ئەجرىڭگىلا مەنسۇپ،-دېدى.
—ئەل ئۈچۈن قىلدىم جەھەت-جەڭ، توھپە-ئەجرىم كوپ،-دېسەم،
—بولمىغىن ئەسلا ھاكاۋۇر، يورلىغىڭ- يەلتوپ،-دېدى
—مەن ئېلىم سەھراسىدا ئۈنگەن يېشىل توغراق،-دېسەم،
—چاڭقىغانغا بەرگىنىڭ سايە ئەمەس، چوغ-ئوپ،-دېدى.
نە مۇناسىپ تولغىنانغا يەلپۈگۈچ، بەرمەك راخاپ؟
ئېيىتقىنا، توڭغانغا گۈلخانىمىز كومۇر نەخۇپ،-دېدى.
ئەخمىدى قىلغىن سەۋەپ-ئومرۇڭ بويى مېھنەتنى سۈي،
بولمىغىن مىننەتتۇ، مەغرۇرلۇق چولىدە چوپ،-دېدى.

---

(بېشى 94-بەتتە)

چېپىپتۇ. توتخوتۇننى ۋاقىرتىپ سورەپ گو-
داك ئۈستىگە ئېلىپ، پتۇ-دە، پادىشا ئەمرى-
نى بىجا كەلتۈرۈپتۇ.
ئوردا تېچلىنىپتۇ. پادىشا بۇخېلىچە بىلەن
ئۆمرىنى ئۆتكۈزۈپتۇ. بۇمەريەمني ئۆزقەسىرى-
دە قالدۇرۇپ، كېنىزەكلەر باشلىغى قىپتۇ.
ئاچا-سىڭىل ئەنە شۇنداق تالاي كۈنلەر-
دىن كېيىن، يورۇقلۇققا چىقىپ، دادىسىنى
ئالدۇرۇپ كېلىپ، چار بېغىدا ئۈمۈرۈنلاشتۇ-
رۇپتۇ.

رەتلىگۈچى: سىيىت زۇنۇن




← جەنۇبىي شىنجاڭدا
يونى ۋە يېچە ئېچىلغار خەلق
ئېغىز ئەدەبىيات تەتقى-
قات يىغىنى قەشقەردە چاقى-
رىلدى. يىغىنغا ۋىلايىتى-
مىزدىن بىر قىسىم ۋەكىل-
لەر قاتناشتى.



← خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقات
يىغىنىغا قاتناشقان ۋەكىللەر تەتقىقات
خىزمىتى ھەققىدە پىكىر ئالماشتۇر-
ماقتا.



← ئۈرۈمچىدىن كەلگەن پېشقەدەم
ئاپتورلار رايونىمىزنىڭ ھېكايە-
ئوبزورچىلىق ئىستىقبالى ئۈستى-
دە ئۆز تەسىراتلىرىنى سۆزلەش-
مەكتە.

(سۈرەتلەرنى سىدىق قاۋۇز،
چىڭ ۋەنلى تارتقان)

## مۇشتەرى بولۇشىڭىزلارنى قارشى ئالىمىز

«تارىم» جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئۇيغۇرچە ئايلىق
ئەدەبىي ژۇرنىلى. ئۇنىڭغا يازغۇچى، شائىر ۋە ھەۋەسكارلىرىمىزنىڭ پوۋېست،
ھېكايە، شېئىر، داستان، نەسر، ئەدەبىي ماقالا، ئەدەبىي ئوبزورلىرى، ئۇيغۇر
كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر، ئۇيغۇر خەلق قوشاق، چۆچەك، ماقال-
تەمسىل، لەتىپىلىرى بېرىلىدۇ. شۇنداقلا، شىنجاڭدىكى باشقا ئازسانلىق مىللەت-
لەر ۋە چەتئەل يازغۇچىلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىمۇ تونۇشتۇرۇلىدۇ.

ژۇرنال پارتىيىمىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم
ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يۆنىلىشىنى ۋە «ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە
ئېقىملار بەس-بەستە سايراش» فاڭجېنىنى قەتئىي ئىجرا قىلىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتنى
گۈللەندۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىدۇ.

ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ، مەملىكەت بويىچە ھەممە جاي-
لاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى پەسىللىك، يىللىق مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.

ژۇرنال ھەر ئاينىڭ 10-كۈنى نەشردىن چىقىدۇ.

ژۇرنال نومۇرى: 58—66. باھاسى 35 فۇڭ. جايلاردىكى پوچتىخانىلارغا بې-
رىپ مۇشتەرى بولۇشىڭىزلارنى قارشى ئالىمىز.


新玉文艺（维吾尔文季刊）

1982-يىل 4-سان (ئومۇمى 14-سان) 4-يىل نەشرى.

تۈزگۈچى: «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر ھەيئىتى.

ئادرېسى خوتەن مەمۇرى مەھكىمە مەدەنىي-مائارىپ باشقارمىسى.

«خوتەن گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى.

خوتەن ۋىلايەتلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ.

ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر قايسى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.

ژۇرنالنىڭ ۋاكالەت نومۇرى 58_26 باھاسى 30 فۇڭ